ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تۈزگەن

ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى

تىل-ئەدەبىيات

3-كىتاب



ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى

تىل-ئەدەبىيات

3-كىتاب




ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تۈزگەن

ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى

تىل-ئەدەبىيات

3-كىتاب





ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى» دەرسلىكلىرى

تىل-ئەدەبىيات ــــ 3-كىتاب

(3-يىللىقلار ئۈچۈن)

تۈر دېرىكتورى: در. رىشات ئاbباس

تۈر مەسئۇللىرى: در. گۈلنار ئەزىز، در. مەغپىرەت كامال، ئابدۇلھەمىد قاراخان

دەرسلىك تۈزۈش ھەيئىتى

مەسلىھەتچى: پروف. در. شاھلو يۇلداشېۋا، پروف. در. فىردەۋس گۈنەش، در. نۇرنىسا قۇربان

باش تۈزگۈچى: دوتس. در. رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي

تۈزگۈچى: مېھرىئاي شىرئەلى ئەزىزتەكىن

باش تەھرىر ۋە كوررېكتور: خۇمارگۈل ياقۇپ

تەھرىر ھەيئىتى: پروف. در. دىلنۇر قاسىموۋا، ئابدۇۋەلى تۇرسۇن، ئابىدە ئاbباس نەسرىن، تۇرغۇنجان مۆمىن، دىلنۇر ئابدۇرەھىم، رەنا قاراخان، سەلىمە ئا. كامال، سۈبھىنۇر ئۆمەرجان، سۈرەييا ئابلىمىت قەشقەرى، يۇلتۇز تېيىپجان

پۈتۈكچىلەر: رازىيە مەمەت تۇرسۇن، مۇنىرە مەمەت، ئادىلە ئەنۋەر قاراخان

رەسسام: گۈلناز تۇرسۇن

فوتوگراف: در. ئابلەت سەمەت، ئابلىكىم ئەمەت

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن

تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەد

تەھرىر ھەيئىتى: پروف. در. ئالىمجان ئىنايەت، پروف. در. گۈلنىسا نازاروۋا، دوتس. در. رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي، دوتس. در. رۇسلان ئارزىيېۋ، در. پەيزۇللا زەيدۇن، در. گۈلنار ئەزىز، در. ماھىرە ياقۇپ، در. مەغپىرەت كامال، در. نۇرنىسا قۇربان

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى

تور ئادرېسى: www.akademiye.org

نەشرىيات: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

بىرىنچى نەشرى

ISBN (كىتاب نومۇرى): 978-1-959397-19-9



Uyghur Academy "Uyghur Language Arts" Textbook Series

Uyghur Language Art

Grade 3

Project Director: Dr. Rishat Abbas

Project team: Dr. Gülnar Eziz, Dr. Magfiret Kamal, Abdulhamit Karahan

Program Author Team

Advisors: Prof. Dr. Shahlo Yuldasheva, Prof. Dr. Firdevs Günes, Dr. Nurnisa Qurban

Lead Program Author: Assoc. Prof. Dr. Reyila Kasgarli

Program Author: Mihray Xieraili Aziztekin

Program Editor and Proofreader: Hümagül Hümeyra Uluyol

Program Editors: Prof. Dr. Dilnur Qasimova, Abduweli Tursun, Abide Abbas Nesrin, Turgut Altun, Dilnur Abdurehim, Rena Qaraxan, Selime A. Kamal, Sübhinur Ömerjan, Sureyya Ablimit Kashgary, Yultuz Teyipjan

Recorders: Raziye Memet Tursun, Munire Memet, Adile Enwer Qarahan

Illustrator: Gülnaz Tursun

Photographer: Dr. Ablet Semet, Ablikim Emet

Cover and Page Designer: Abdulaziz Akhun

Board of Review

Editor-in-Chief: Enwer Muhemmed

Executive Editors: Prof. Dr. Alimcan Inayet, Prof. Dr. Gulnisa Nazarova, Assoc. Prof. Dr.Reyila Kasgarli, Assoc. Prof. Dr. Ruslan Arziyev, Dr. Payzulla Zaydun, Dr. Gülnar Eziz, Dr. Mahire Yakup, Asst. Prof. Dr. Magfiret Kamal, Dr. Nurnisa Qurban

Publisher: Uyghur Academy

Web address: www.uyghuracademy.org

Printed by Teklimakan Uygur Publishing House

The First Edition

ISBN: 978-1-959397-19-9



Developed by Uyghur Academy Mother Language Committee

Istanbul 2024

قۇرتۇلۇش(*) يولىدا

مەمتىلى تەۋپىق (1901–1937)



قۇرتۇلۇش(**) يولىدا سۆدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز، بولسۇن فىدا بۇ جانىمىز.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ، ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتقۇزۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئەمدى ھېچ كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈرك ئەۋلادى بىز.
يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،
دۇنيانى سورىغان ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن ھېچ ئۆلمىسۇن، گۈزەل ئىستىقبالىمىز.

ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن، پارلىسۇن ئىستىقبالىمىز!

(*) بۇ شېئىرنىڭ 1- ۋە 3-كۇپلېتلىرى مىللىي مارش سۈپىتىدە ئوقۇلماقتا. پەرقلىق مەنبەلەردە پەرقلىق ۋارىيانتلىرى ئۇچرايدۇ.

(**) «قۇرتۇلۇش» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قۇتۇلۇش» دەپ قوللىنىلىدۇ.

مۇندەرىجە

كىرىش سۆز

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى»—— پەرزەنتلىرىمىزگە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنى سىستېمىلىق ئۆگىتىش مەقسىتى بىلەن تەييارلانغان ماتېرىياللاردۇر.

دەرسلىكلەر —— ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبەسىدىن باشلاپ، تىل-ئەدەبىيات ساھەسى بويىچە تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەسىنى تۈگەتكۈچە بولغان ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئون ئىككى كىتاب ۋە يانداش ماتېرىياللاردىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈشتە، ۋەتەندە نەشر قىلىنغان تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى تېكىستلەر ئاساس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا تېكىستلەرمۇ سەپلەندى. دەرسلىكلەرگە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى مەنىۋى كۈچ ۋە ئاڭ-پىكىر جەھەتتىن بۇ جەمئىيەتكە باغلاپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى، جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنى تونۇش ۋە پىكىر قىلىش سىستېمىسى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەدرىيەتلىرى سىڭدۈرۈلۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. مېتود جەھەتتىن زامانىۋى پېداگوگىكا ئىلمىنىڭ نۆۋەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى نەزەرگە ئېلىندى. تېمىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، سەۋىيەگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ماتېرىياللار مىللىي ۋە ئىلمىي قىلىپ تۈزىلىش بىلەن بىرگە قاراتمىلىققا ۋە خاسلىققا ئىگە قىلىندى. ئىملا جەھەتتىن مىرسۇلتان ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن 2009-يىلى روياپقا چىققان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» ئاساس قىلىندى. گىراماتىكىلىق ئاتالغۇلار ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر قاتارلىقلار تۈزگەن ۋە 2010-يىلى نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»غا ماسلاشتۇرۇلدى. باشقا ماتېرىياللاردىن ئەينەن ئېلىنغان، قىسقارتىپ ئېلىنغان ياكى ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان تېكىستلەرنىڭ ئەسلىي مەنبەسى «مەنبەلەر» قىسمىدا كۆرسىتىلدى. مېھنەت قىلغانلارنىڭ ئىسمى ئۇنىۋانلار بويىچە، ئوخشاش ئۇنۋاندىكىلەرنىڭ ياكى ئۇنۋان يېزىلمىغان ئىسىملەرنىڭ تىزىمى بولسا، ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىنىڭ رەت تەرتىۋىگە ئاساسەن بېرىلدى.

قولىڭىزدىكى كىتاب —— دەرسلىكنىڭ ئۈچىنچى كىتابى بولۇپ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تىل ئىشلىتىش ۋە پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان تېكىستلەر ۋە كۆنۈكمىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇنىڭدەك گىراماتىكا بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارشى مەنىلىك سۆزلەر كارتىسى، مەنىداش سۆزلەر كارتىسى، ئاھاڭداش سۆزلەر كارتىسى ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر كارتىسى قاتارلىق ئويۇن كارتىلىرى، بۇ كىتاب بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ.

مەزكۇر كىتاب —— ئىككى يىللىق ئەمگەكنىڭ مەھسۇلىدۇر. دەرسلىك تۈزۈش پىكرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن باشلاپ، بېسىپ تارقىتىشقىچە بولغان پۈتۈن جەرياندا، ماددىي ۋە ياكى مەنىۋى جەھەتتىن قوللىغان، قىممەتلىك ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى ئايرىپ، مېھنەت سەرپ قىلغان بارلىق پىدائىيلارغا سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمىز.

كىتاب —— دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پەرزەنتلىرىمىزدە ئورتاق بىر مىللىي كىملىك ئېڭىنىڭ يېتىلىشى، قوغدىلىشى ۋە داۋاملىششى ئۈچۈن پايدىلىق بولغۇسى، دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

دوتسېنت دوكتور رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي
ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتىغا ۋاكالىتەن
«ئانا تىل دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى»نىڭ مەسئۇلى


شەرتلىك ئىشارەتلەر


يېزىش


ئوقۇش


مەن تاپالايمەن


سۆزلەش


مۇھىم نۇقتا

ۋەتەن سۆيگۈسى

بىرىنچى بۆلەك

دەرسكە تەييارلىق

- ۋەتىنىمىزدىكى قايسى شەھەرلەرنى بىلىسىز؟
- قەشقەر ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟ سىزچە قەشقەر قانداق شەھەر؟

بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز



1-دەرس

قەشقەرگە سەپەر

ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار

(بايان ماقالىسى)



قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى

تەتىلدە ئاتا-ئانام بىلەن قەشقەرگە بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلىغان مۇئەللىم:

— قايتىپ كەلگەندە بىزگە قەشقەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ، بولامدۇ؟— دېدى. مەن خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم ۋە سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن قەشقەرگە دائىر بىرمۇنچە ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، بۇ ھەقتە خېلى مەلۇماتلىق بولۇپ قالدىم.

قەشقەر ۋىلايىتى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شىمالدا تەڭرىتاغ، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تېغى، شەرقتە تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە غەربتە پامىر ئېگىزلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 620 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ۋىلايەت تەۋەسىدە بىر شەھەر، ئون بىر ناھىيە بار، ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدۇ.

قەشقەر شەھىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى. ئۇ ئىككى-ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر.

ئۇ نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا كۆپلىگەن خانلىقلارغا پايتەخت بولغان. تارىختا دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، قەشقەر قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان. بۈگۈنكى كۈندە قەشقەر تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، قىرغىزىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق بەش دۆلەت بىلەن چېگرالىنىدۇ.



قەشقەر بازىرى

قەشقەر پاختا ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. مېۋە تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، تەمىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن يەنە «مېۋە ماكانى» دېگەن نامىمۇ بار.

قەشقەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەري قاتارلىق جاھانغا مەشھۇر ئالىملىرىمىزنىڭ مەقبەرەلىرى، ھېيتگاھ جامەسى، ئاپاق خوجا مازىرى، تاششەھەر قاتارلىق يادىكارلىقلار بار. بۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم تارىخىي مەنبەلەردۇر. قەشقەردە يەنە دۇنيا بويىچە 2- ئورۇندا تۇرىدىغان چوگرا چوققىسى ۋە ئەڭ قەدىمىي ئىپتىدائىي توغراقلىق قاتارلىق ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرە رايونلىرىمۇ بار.

بىز قەشقەرگە قۇربان ھېيتىنىڭ ھارپا كۈنى يېتىپ باردۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە تۇغقانلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ھېيتگاھقا يول ئالدىم. مىغلىدىغان ئادەملەر ھېيتگاھ تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ھېيتگاھقا كېلىپ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، ئاغزىمنى ئېچىپ قالدىم. يارىشىملىق ھېيتلىق كىيىملەرنى كىيگەن كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن نۇر ياغاتتى ۋە كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ پەشتىقى ئۈستىدە ناغرا-سۇنايلار چېلىنىپ، ھېيت تەنتەنىسى باشلاندى. كىشىلەر ئۆزلۈكىدىنلا ساماغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلارمۇ، ياش يىگىتلەرمۇ، ھەتتا بەش-ئالتە ياشلىق گۆدەك بالىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تەكشى ھەم شوخ ئىدى. بىر

چاغدا، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ساماغا چۈشۈپ كەتتىم. دەسلەپتە ھەرىكەتلىرىم تازا قوللاشمىدى، كېيىن بارا-بارا ئۆزلىشىپ كەتتىم. چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلدۈم، لېكىن ئۇسسۇلدىن توختىغۇم كەلمىدى. قۇلاق تۈۋىمدە ھاياجانلىق بىر سادا جاراڭلايتتى: «ساما! سەن خەلقىمىزنىڭ ساماسى. سەن ئۇزاق يىللىق تارىخىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى. ساڭا خەلقىمىزنىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، ئۆم-ئىناقلىق مىجەز-خاراكتېرى مۇجەسسەملەنگەن...! »

قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ساۋاقداشلىرىمغا بۇ قەدىمىي شەھەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇلارمۇ ھاياجانغا چۆمۈشتى. مەن ساما ئۇسسۇلىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىم، ئۇلار: «بىزگىمۇ ئويناپ بەر» دەپ تۇرۇۋېلىشتى. بىرەيلەن ئۈنئالغۇنى قويدى. مەن ئوتتۇرىغا چۈشتۈم. ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشتى. بىردەمدىن كېيىن ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، مېنىڭ ھەرىكەتلىرىمنى دوراپ، ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى سىنىپتا ئەمەس، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدا ساماغا چۈشكەندەك ھېس قىلدىم.


قەشقەر كوچىلىرى

كۆنۈكمە



1. تېكستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) «مەن» تەتىلدە قەيەرگە بېرىپتۇ؟

2) «مەن» ئۇ يەرگە قاچان يېتىپ بېرىپتۇ؟

3) ئۇ يەردە قانداق يادىكارلىقلار بار ئىكەن؟
4) «مەن» ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپتۇ؟

2. دەرسنىڭ ماۋزۇسىدىن بۇرۇن بېرىلگەن خەرىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار ۋە قەشقەرنىڭ ئورنىنى تېپىڭلار.

3. خەرىتىدە قەشقەرگە ئەڭ يېقىن ئۈچ جاي بار. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

4. جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار. ئاۋۋال سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭلار، ئاندىن لۇغەتكە قاراپ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار، ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەتتىكى مەنىسى	جۈملە
سەپەر		
پايتەخت		
قاتناش تۈگۈنى		
پەشتاق		
مىغىلدا-		
هارپا كۆنى		
مەقبەرە		
بازار		
يادىكارلىق		
ئۇنئالغۇ		



5. بۇ دەرستە بېرىلگەن رەسىملەرنى كۆزىتىپ، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

2-دەرس

مۇقەددەس ئانا

قۇربان بارات

شېئىر



ئېگىزلىكتە مەغرۇر قەددى تاغلارنىڭ،
كۆرۈنىدۇ شۇنچە يارقىن، شۇنچە ساپ.
كۆكنى تىرەپ تۇرار قارلىق داۋانلار،
سانسىز كۈمۈش قۇببە بولۇپ پارقىراپ.

مۇندا تاغلار ۋە داۋانلار ئاجايىپ،
ھاسىل قىلغان ئايلانما ۋە پەلەمپەي.
چوققىلىرى ھەرە چىشى شەكلىدە،
بۇ چوققىلار تۆۋەنلەيدۇ پەيدىنپەي.

داۋانلاردىن باقسا، ئۇلار كىچىكلەپ،
تۆگە كەبى كۆرۈنىدۇ تۆۋەندە.
يۈكسىلىدۇ ئۇلار يەنە ئاسمانغا،
يول ئايلىنىپ بېقىنغا چۈشكەندە.

يېشىل پوتا بولغان چەكسىز قارىغايزار،
قەد كۆتۈرگەن تاغلار مەغرۇر بەل باغلاپ.
قەيسەر شەمشاد كۆك ئاسمانغا سوزغان قول،
لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارنى قۇچاقلاپ.

تۇتاش بولۇق ئۆسكەن يېشىل چۆپلۈكلەر،
ئېتەك يايغان ئىدى قارا تۇپراقتا.
خۇش ھىد بولۇپ كەتكەن ئىدى ھاۋامۇ،
ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر چاچقان پۇراقتا.

لاچىنلارنىڭ چاڭىلدىشى كېلەتتى،
نۇرلار بىلەن تولغان سۈزۈك ھاۋادىن.
يۈكسەك كۆكتە لەيلەپ مەغرۇر بۈركۈتلەر،
ئوزۇق ئىزدەر ئىدى تاغۇ دالادىن.

نۇرلۇق قۇياش كۆرۈنەتتى يېقىنلا،
يۇلتۇز كەبى جىمىرلايتتى ھەر تەرەپ.

ئۇششاق ئەگىز بولۇپ قارلار ئاپتاپتا،
ئېرىپ تۇرار ئىدى تەرلەپ-تەپچىرەپ.

تەپچىرەيدۇ شۇنداق ئېرىپ ئاپئاق سۈت،
ئېمىتكەندە ئانا يۇمران بوۋاقنى...
ئەگىز سۇلار ئايلىنىدۇ دەرياغا،
كېسىپ ئۆتۈپ قارلىقلارنى، ئوتلاقنى.

بۇ تاغلاردا ئانا مېھرى بار ئىدى،
ۋە ھاياتنى ياراتقۇچى ئۇلۇغلۇق.
دەريالارنىڭ بۇ مەڭگۈلۈك مەنبەسى
پەيدا قىلدى مەندە ھېسلار دولقۇنلۇق.

خىتاب قىلدىم: كۆردۈم مانا، چۈشەندىم،
سەنسەن پەقەت كۆكلەتكۈچى ھاياتنى.
ئەي، مۇقەددەس ئانا—— تەڭرى تاغلىرى،
ئېمىتكەنسەن قانچە-قانچە ئەۋلادنى!


تەڭرىتاغنىڭ قىش مەنزىرىسى

كۆنۈكمە



1. شېئىرنى تەڭرىتاغقا بولغان ھېسسىياتىڭلارنى ئىپادىلەپ تۇرۇپ ئوقۇڭلار ھەم ئۆزۈڭلار ياقتۇرغان قىسىملىرىنى يادلىۋېلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەتتىكى مەنىسى	جۈملە
ھايات		
مېھىر		
ئەۋلاد		
مەغرۇر		
يارقىن		
سانسىز		
ئاجايىپ		
پەيدىنپەي		
كەبى		
بەل باغلا-		
ئەگىز		
خىتاب		



3. تۆۋەندە بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.


1) .... گاھىدا .... گاھىدا ....

ئۈلگە: مانا بۇ سۇ مەخلۇقى گاھىدا كۆرۈنۈپ، گاھىدا غايىب بولىدىغان جاي.

2) .... شۇ قەدەر .... شۇ قەدەر ....

ئۈلگە: ھەممە نەرسە شۇ قەدەر خىلۋەت، شۇ قەدەر سىرلىقكى، ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

4. تۆۋەندىكى مەنداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.





5. تەڭرىتاغنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشتە، ئاپتور جانلىق ئوخشىتىشلاردىن مۇۋاپىق پايدىلانغان. شېئىردىكى ئوخشىتىشلارنى تېپىڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) شائىر تەڭرىتاغنى كىمگە ئوخشىتىپتۇ؟
2) قارلىق داۋانلارنى نىمگە ئوخشىتىپتۇ؟
3) شېئىردا يەنە باشقا ئوخشىتىشلار بارمۇ؟
4) تەڭرىتاغ قانداق تاغ ئىكەن؟

6. شېئىرغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

شېئىرنىڭ مەزمۇنى:	
شائىرنىڭ ھېسسياتى:	
تەڭرىتاغ بىلەن ئانىنىڭ ئوخشاش تەرىپى:	
شائىرنىڭ خىتابى:	



7. خەرىتىدە كۆك رەڭدە بېرىلگەن سانلار ۋەتىنىمىزدىكى دەريالارنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىكى تىزىملىكتە بېرىلگەن دەريا ئىسىملىرىنى، نومۇرلارغا ئاساسەن خەرىتىگە يېزىڭلار.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ
ئاساسلىق دەريالىرى ۋە كۆللىرى

ئالتاي
چۆچەك
بورتالا
قورغاس
غۇلجا
كۈيتۇن
سانجى
ئۈرۈمچى
تۇرپان
قۇمۇل
كورلا
كۇچا
ئاقسۇ
ئارال
ئاتۇش
قەشقەر
تۇمشۇق
يەكەن
قاراقاش
خوتەن
كېرىيە
نىيە
چەرچەن
چاقىلىق

كۆك نومۇر- دەريالار
يېشىل نومۇر- كۆللەر

دەريالار

(1) ئېرتىش دەرياسى
(2) ئۇلۇڭگۇر دەرياسى
(3) ماناس دەرياسى
(4) ئىلى دەرياسى
(5) قايدۇ دەرياسى
(6) كۆنچى دەرياسى
(7) تارىم دەرياسى
(8) ئاقسۇ دەرياسى
(9) زەرەپشان دەرياسى
(10) خوتەن دەرياسى
(11) كېرىيە دەرياسى
(12) نىيە دەرياسى
(13) چەرچەن دەرياسى

3-دەرس

ئەقدىنىڭ يىلتىزى

ئەخمەت ئىمىن

(نەسر)



مەن دادامغا خەت يازدىم:

«... دادا، مەن ئۆزۈمنى يوپۇرماق ھېسابلىسام، سېنى گويا يىلتىز كۆرىمەن، چۈنكى يىلتىزسىز يوپۇرماق بولمايدۇ.

مەن ئۆزۈمنى كېپىنەك كۆرسەم، سېنى خۇددى گۈلزارغا ئوخشىتىمەن. چۈنكى، كېپىنەك گۈلزارسىز كۈچ-مادار تاپالمايدۇ.

مەن ئۆزۈمنى قېيىق كۆرسەم، سېنى بەئەينى دەريا ھېسابلايمەن. چۈنكى، قېيىق دەرياسىز ھېچ مەنزىلگە بارالمايدۇ ...»

دادامدىن ماڭا جاۋاب خەت كەلدى:

«بالام، سەن ئۆزۈڭنى يوپۇرماق ھېسابلىساڭ، خەلقىڭنى يىلتىز ھېسابلىغىن. چۈنكى، شۇ يىلتىزسىز مەنمۇ شاخلىيالمايتتىم.

سەن ئۆزۈڭنى كېپىنەك كۆرسەڭ، دىيارىڭنى گۈل-گۈلستانغا ئوخشاتقىن. چۈنكى، شۇ گۈلستانسىز مەنمۇ كۆچ-مادار تاپالمايتتىم.

سەن ئۆزۈڭنى قېيىق كۆرسەڭ، ئەل قوينىنى بەئەينى دەريا بىل. چۈنكى شۇ دەرياسىز مەنمۇ ھېچ مەنزىلگە بارالمايتتىم... .»

مەن دادامنىڭ جاۋابىدىن ئەقدىمنىڭ يىلتىزىنى تاپقاندەك بولدۇم.

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىپ بېقىڭلار، لۇغەتتىن پايدىلىنىشنى ئۇنۇتماڭلار. ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەتتىكى مەنىسى	جۈملەم
گويا		
گۈلزار		
مەنزىل		
دىيار		
بەئەينى		
ئەقىدە		
كۆچ-مادار		
يىلتىز		

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) تېكىست باشلانغاندا نېمىشقا كۆپ چېكىت قويۇلغان؟

2) «مەن» دادىسىغا نېمە دەپ خەت يازدى؟ بۇ خەت ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟

3) دادىسى نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟

4) دادىسىنىڭ خېتىدىكى «خەلق، دىيار، ئەل قوينى» دېگەن سۆزلەرنى قانداق چۈشىنىسىز؟

5) دادا خېتىدە نېمە دېمەكچى؟

3. تۆۋەندىكى جۈملە شەكىللىرىنى ئىشلىتىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

1) مەن .... نى خۇددى ....غا ئوخشىتىمەن، چۈنكى ....

2) .... بىر تەرەپتىن ....، يەنە بىر تەرەپتىن ....

3) ئەگەر............سا / سە، ....

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەرتىپ بويىچە تىزىپ، راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1) كۆرسەڭ سەن قېيىق ئەل ئۆزۈڭنى دەريا قويىنىنى بەئەينى بىل

....

2) ئۆزۈڭنى ھېسابلىساڭ خەلقىڭنى يوپۇرماق يىلتىز ھېسابلىغىن سەن


....

3) بارالمايدۇ دەرياسىز مەنزىلگە ھېچبىر قېيىق

....

4) گۈلزارسىز كۆچ ـ مادار كېپىنەك تاپالمايدۇ

5. بۇ تېكىستە سىلەردە قانداق تەسىرات پەيدا قىلدى؟ تېكىستنىڭ مەزمۇنى ۋە يېزىلىش شەكلى ھەققىدە ئويلىنىپ، ئاندىن پىكىرڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار.



بىلىۋېلىڭ

بۇ تېكىستنىڭ ژانىرى نەسىر بولۇپ، نەسىرلەر مىسرالارغا بۆلۈنمىگەن، پىكىر-ھېسسىياتنى نورمال جۈملە شەكلىدە ئىپادىلەيدىغان تۈردۇر.

6. نەسىر تۈرىدىكى باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار ۋە بۇ جەرياندا نەسىرگە بولغان چۈشەنچەڭلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇڭلار.



ئوقۇغان نەسىرلىرىم:

تەسىراتىم ۋە چۈشەنچەم:

7. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى ئوقۇغۇچىلار ۋە مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. ئەل-يۇرت توغرىسىدا ئۆزۈڭلار بىلىدىغان ماقال-تەمسىللەردىن ئىككىنى يېزىپ بېقىڭلار.

1) ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس.

2) ئەلنىڭ غېمى، ئەرنىڭ غېمى.



8. خەرىتىدە يېشىل رەڭدە بېرىلگەن سانلار ۋەتىنىمىزدىكى كۆللەرنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە تىزىملىك شەكلىدە بېرىلگەن كۆل ئىسىملىرىنى نومۇرلارغا ئاساسەن خەرىتىگە يېزىڭلار.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ
ئاساسلىق دەريالىرى ۋە كۆللىرى

كۆك نومۇر- دەريالار
يېشىل نومۇر- كۆللەر

كۆللەر

(14) تېتىما كۆلى
(15) لوپنۇر كۆلى
(16) باغراش كۆلى
(17) ئايدىڭكۆل

(18) باركۆل كۆلى
(19) بوغدا كۆلى
(20) سايرام كۆلى
(21) ئېبىنۇر كۆلى

(22) ماناس كۆلى
(23) ئۇلۇڭغۇر كۆلى
(24) قاناس كۆلى

4-دەرس

ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

سۆز تومۇرى ۋە قوشۇمچە



سۆز تومۇرى (يىلتىزى): بىر سۆزنىڭ تەركىبىدىكى بارلىق قوشۇمچىلارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئېشىپ قالغان قىسمى سۆز تومۇرى (يىلتىزى) بولىدۇ. سۆز تومۇرى ئېنىق، مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنى مۇستەقىل قوللانغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

چىرايلىقلارنى= چىراي- + -لىق -+ -لار- + -نى
ئىشلەۋاتقانلارغا= ئىش- + -لە- + -ۋات- + -قان- + -لار- + - غا
يۇرتداشلارنىڭ= يۇرت -+ -داش -+ -لار- + - نىڭ

سۆز تومۇرى سۆزنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدۇ. بىر سۆز تومۇرىدىن ياسالغان سۆزلەر تومۇرداش سۆزلەر ياكى يىلتىزداش سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىز: ئىز ـ+ ـدە = ئىزدە-، ئىز- + -چىل = ئىزچىل، ئىز ـ+ ـچى = ئىزچى

كۆز- + ـنەك = كۆزنەك، كۆز- + ـەت = كۆزەت، كۆز-+-لە= كۆزلە-

قوشۇمچە: سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ھەر خىل مەنىلەرنى يۈكلەيدىغان، مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك قوشۇمچە دېيىلىدۇ. بىر سۆز تومۇرىغا بەزىدە بىر نەچچە قوشۇمچە ئۇلىنىپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلارغا = ئوقۇ ـ+ ـغۇچى- + ـلار ـ+ ـغا

ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ = ئوقۇ- + ـت- + ـقۇچى- + ـىمىز- + ـنىڭ

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ سۆز تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسىنى ئايرىپ يېزىپ بېقىڭلار.

ئۆرنەك: گۈللۈك: گۈل- + ـلۈك

قۇشلار:

خەلقكە:

ئىشخانا:

ئانام:

ئۆچۈرگۈچ:

چوڭراق:


ئوۋچى:

ئىنتىزامچان:



2. تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن قوشۇمچىلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇڭلار ۋە بىرىكتۈرۈپ يېزىپ بېقىڭلار.

ئوقۇ-	-لاق
ئاچ-	-چان
گۇناھ	-لىق
باش	-قۇچ
تىرىش-	-غان
ئوت	-كار



بەزى قوشۇمچىلار يېڭى سۆز ياسىمايدۇ. سۆزگە كۆپلۈك، شەخسكە تەۋەلىك قاتارلىق مەنىلەرنى قوشىدۇ. يەنە بەزى قوشۇمچىلار بولسا، سۆزنى باشقا سۆزلەر بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

كىتاب-كىتابلار (كۆپ كىتاب: كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ.)

دوست-دوستۇم (مېنىڭ دوستۇم: شەخسكە تەۋەلىكنى بىلدۈرىدۇ.)

ئەركىن كىتاب–ئەركىننىڭ كىتابى (نىڭ: كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ى: شەخسكە تەۋەلىكنى ئىپادىلەيدۇ.)

مەكتەپ ماڭ –مەكتەپكە ماڭدىم (كە: يۆنىلىشنى ئىپادىلەيدۇ؛ د: زاماننى ئىپادىلەيدۇ؛ ىم: شەخسنى ئىپادىلەيدۇ.)



3. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ، قوشۇمچىلار ھەققىدە چۈشەنچەڭلەرنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

ئىش — ئىشچى
باغ — باغۋەن
ئاش — ئاشپەز
ساۋاق — ساۋاقداش
ھارۋا — ھارۋىكەش
ئۇچ - — ئۇچقۇچى

مەشىق باغچىسى

ئوقۇشلۇق

1. تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇڭلار.

كۆچ-كۆچ قوشىقى

كۆچ-كۆچ دېسە بىلمەيدۇ،
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.

ئالمۇتىغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

كەتمەيمىز دېگەن بىلەن،
بۇ ئىشتا نېمە چارە.
غۇلجىنى بېسىپ ئالدى،
دىلىمىز سۇنۇق پارە.

قاراخان بىلەن ئاقخان،
ئىتتىپاق ئىكەن باشتا.
كۆچۈشنى خىيال ئەيلەپ،
كېمە ياسىدۇق قاشتا.

ئىلىدىن چىققان كۈنى،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.

مىڭ جاپا بىلەن سالغان،
قالدى باغۇ-بوستانلار.
يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ،
دىلدا قالدى ئارمانلار.





2. رەسىمدە كۆرسىتىلگەن باش كىيىملەرنى بىلەمسىلەر؟ ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە بۇ باش كىيىملەرنى كىملەرنىڭ، قاچان كىيىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىڭلار.



3. سىلەرنىڭ يۇنىڭغا ئوخشايدىغان باش كىيىمىڭلار بارمۇ؟ بار بولسا قانداق ۋاقىتتا كىيىسىلەر؟

4. ۋەتىنىمىزنى سۆيىدىغانلىقىمىزنى قايسى ئىش-ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىپادىلەيمىز؟

5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

سۆزلىشىش مەشىقلىرى ھەققىدە	چۈنكى
ساۋاقداشلىرىمنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدىم.	
مەنمۇ پىكىر بايان قىلىمەن.	مەنمۇ مۇستەقىل بىر ئىنسانمەن.
قوشۇمچە قىلىمەن.	
ساۋاقدىشىم.............نىڭ سۆزىگە قوشۇلمايمەن.	
ساۋاقدىشىم.............نىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن.	
ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىمەن.	نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقىم بار. بۇلاردىن بىرى، ....

يېزىقچىلىق مەشىقى




6. قەشقەردە 3-سىنىپتا ئوقۇۋاتقان نۇرۇگۈمغا بىر پارچە سالام خەت يېزىڭلار. خەتنى تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ئاسان يازالايسىلەر. ئىملانىڭ توغرا، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا دىققەت قىلىڭلار.

ماۋزۇ يازىمەن.	
ھال-ئەھۋال سوراش بىلەن باشلايمەن.	
ھېس تۇيغۇلىرىم:	
ياخشى تىلەكلىرىم:	
ئىسىم فامىلەمنى يازىمەن.	
چېسلانى يازىمەن.	



جەدۋەلدە سۆزنىڭ تومۇرى (يىلتىزى) ۋە بۇ يىلتىزغا قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن شەكىللىرى بېرىلگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن، بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.

يىلتىز	ياز-	ئىش
قوشۇمچە قوشۇپ، زاماننى ۋە شەخسنى ئىپادىلىدىم.	يازدىم	ئىشلەيدۇ
قوشۇمچە قوشۇپ، كەسپ نامىنى ئىپادىلىدىم.	يازغۇچى	ئىشچى





8. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىڭلار.

ئەتىگەندە كېتىپ، ئاخشىمى كېلىدۇ،

ھېسابىنى ھېچكىم ئالالمايدۇ.

بىر قۇشۇم بار دان يېمەيدۇ،
چايناپ بەرسەم نان يېمەيدۇ.



9. ۋەتىنىمىزدە قانداق دەريالار بار؟ ئىسىملىرىنى خەرىتىگە يېزىڭلار.

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ
يەر شەكلى، دەريالىرى ۋە كۆللىرى

قىزىل نومۇر- تاغلار ۋە چوققىلار
كۆك نومۇر- دەريالار
يېشىل نومۇر- كۆللەر
ھالرەڭ نومۇر- ئويمانلىقلار



10. ۋەتىنىمىزدە قانداق كۆللەر بار؟ ئىسىملىرىنى يۇقىرىدىكى خەرىتىگە يېزىڭلار.

ئىككىنچى بۆلەك

گۈزەل تەبىئەت

دەرسكە تەييارلىق

- ھەر بىر پەسىلنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى نېمە؟
- ئەگەر دائىم ياز بولىدىغان بىر جايدا ياشىغان بولساق، نېمىلەردىن قۇرۇق قالغان بولاتتۇق؟



5-دەرس



ياز

سائادەت ئىمىن

شېئىر

ئەجەپ گۈزەل ياز ۋاقتى،
مېۋە-چېۋە پىشىدۇ.
ئۆرۈك، ئالما مەي بولۇپ،
يەرگە توك-توك چۈشىدۇ.

ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇ،
ئوييناقلىشىپ ئاقىدۇ.
بۇلبۇل، كاككۇك ناخشىسى،
كۆڭۈللەرگە ياقىدۇ.

گۈل-غۇنچىغا تولىدۇ،
باغ ۋە هويلا-ئاراملار.
سايە تاشلاپ سەگىتەر،
دەل-دەرەخلەر، باراڭلار.

پىشار ئارقا-ئارقىدىن،
چىلگە، قوغۇن، تاۋۇزلار.
ئوخشاپ كېتەر پەمىدۇر،
قىزىل مۇچلار، كاۋىلار.

ھاۋالىنىپ، شادلىنىپ،
باغدا، تاغدا يايرايمىز.
سەيلە قىلىپ دەريانى،
چۆمۈلۈشۈپ ئوينايمىز.

يۇرەكلەرگە يېڭى زوق،
بېغىشلايدۇ گۈزەل ياز.
تەتىلىمىز ئۆتىدۇ،
ياز قوينىدا شۇنداق ساز.

كۆنۈكمە:



1 . شېئىرنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

2 . شېئىرغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) شېئىردا ياز مەنزىرىسى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ شېئىردىن مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

2) ياز پەسلىدە قايسى مېۋىلەر پىشىدۇ؟

3) ياز پەسلىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

4) ياز پەسلىدە نېمە ئىشلارنى قىلىشنى ياخشى كۆرىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

3. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەت مەنىسى	جۈملە
مەي بول-		
ئويناقلا-		
سەگدە-		
ھاۋالان-		
يايرا-		
شادلان-		
سەيلە قىل-		
زوق بېغىشلا-		
ساز		



4 . تۆۋەندىكى سۆزلەر ئىچىدىكى مېۋە-چېۋىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى بىر گۇرۇپپا، قۇشلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى بىر گۇرۇپپا، كۆكتاتلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، ئايرىپ يېزىڭلار. سىلەر بىلىدىغان يەنە قانداق مېۋىلەر، كۆكتاتلار ۋە قۇشلار بار، ئۇلارنىمۇ ئاخىرىغا ئۇلاپ يېزىڭلار.

ئۆرۈك، بۇلبۇل، ئالما، كاككۇك، مۇچ، چىلگە، كاۋا، قوغۇن، تاۋۇز، تورغاي، لاچىن

مېۋىلەر:


كۆكتاتلار:

قۇشلار:



5 . تۆۋەندىكى ياز تەسۋىرلەنگەن بىر كۇپلېت شېئىرنى تەكرار ئوقۇپ، مەزمۇنىنى چۈشەنگىنىڭلار بويىچە سۆزلەپ بېقىڭلار.

كۆلدى تەبئەت،
كەلدى مانا ياز.
كۆللەردە ئوينار،
ئۆردەك بىلەن غاز.



بىلىۋېلىڭ

شېئىرلاردىكى ھەر بىر قۇرنى «مىسرا» دەپ ئاتايمىز. بىر-بىرىگە يېقىن يېزىلغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ مىسرانى «كۇپلېت» دەيمىز.

مىسرالارنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سۆز ۋە بوغۇملار ئاھاڭداش بولۇپ كەلسە، بۇنى «قاپىيە» دەيمىز. مەسىلەن:

گۈل-غۇنچىغا تولدۇ،
باغ ۋە ھويلا-ئارامىلار.
سايە تاشلاپ سەگىتەر،
دەل-دەرەخلەر باراڭلار.

كۇپلېت — قوشاق ياكى شېئىرنىڭ ئىككىدىن كۆپ مىسرادىن تەشكىل تاپقان، مەلۇم قاپىيە تەرتىپىگە ئىگە بولغان شەكلى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، كۇپلېتلار ئەڭ ئاز ئىككى مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ.

6-دەرس

يۇرتۇمدا قىش

ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار

(بايان ماقالىسى)

يۇرتۇمنىڭ كۈز پەسلى ئىنتايىن گۈزەل، قىش پەسلىمۇ ئوخشاشلا گۈزەل. قىش پەسلىدە يۇرتۇمنىڭ ئېتىز-دالىلىرىنى ئاپئاق قار قاپلايدۇ. كۆككە تاقاشقان ھەيۋەتلىك تاغلار ئاق لىباسلىق بوۋايلارغا خاس سالاپەت بىلەن يۇرتۇمغا نەزەر تاشلايدۇ. يېزىچە دەل-دەرەخ، زىرائەتلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغان ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئەينەكتەك مۇز تۇتىدۇ. يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان قەھرىتان قىش كېچىلىرىدە، ئۆي-ئۆيلەردە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشتىكى ئوت، كىشىگە ئىللىقلىق بېغىشلايدۇ. مەش ئۈستىدە شىڭىلداۋاتقان چۆگۈن كىشىنى شېرىن خىياللار دۇنياسىغا باشلايدۇ.


بۈگۈرنىڭ قىش پەسلىدىكى گۈزەل توغراق مەنزىرىسى

مەن يۇرتۇمنىڭ قىش پەسلىنى، يۇرتۇمدىكى قار مەنزىرىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن.

— ئوھۇي، كېچىچە تازا قار يېغىپتۇ، — دېدى دادام تالادىن كىرىۋېتىپ، — تېز ئورنۇڭدىن تۇر، ئوغلۇم!

دادام مېنىڭ قارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتى.

مەن ھاپىلا-شاپىلا ئورنىمدىن تۇردۇم— دە، يۈز-كۆزۈمنى يۇدۇم، چېيىمنى ئىچتىم، ئاندىن قېلىن كىيىنىپ سىرتقا ماڭدىم.

— قار دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا، تۇرالماي قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، بۇ بالىنىڭ! — دېدى ئاپام كۈلۈپ.

ئاپئاق قار دۇنياسىغا كىرىپلا، كۆڭلۈم يايراپ كەتتى. قار توختاپ ھاۋا ئېچىلغانىدى. كۈمۈش رەڭ تون يېپىنىۋالغان پۈتۈن ئەتراپ، يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا چاقنايتتى. ئېتىز-داللارمۇ ئاق، تاغلارمۇ ئاق، ھويلا-ئاراملارمۇ ئاق، يوللارمۇ ئاق ... ھەممىلا يەر ئاپئاق ئىدى. يوپۇرماقسىز دەرەخ شاخلىرى كۈمۈش چوكلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. دەرەخلەردىن تۇرۇپ-تۇرۇپ تۆكۈلگەن قارلار قۇياش نۇرىدا يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ كەتتى.

مېنى خۇشال قىلىدىغىنى قار مەنزىرىسىلا ئەمەس، يەنە تېخى قار ياغقاندا ئوينايدىغان ئويۇنلارمۇ بار! تەلىيىمگە، بۈگۈن يەكشەنبە، بۈگۈن مەھەللىمىز بالىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بىلەن جانلىنىپ كېتىدۇ. بىز قار بوۋاي ياسايمىز. قاردا دومىلاپ ئوينايمىز. قار ئېتىشىمىز. مەھەللىمىزنىڭ يېنىدىكى مۇز قاتقان سۇ ئامبىرىدا كانكى تېيىلىمىز. نۇر ئوينايمىز. چانىلار بىلەن ئېگىز دۆڭلەردىن پەسكە غۇيۇلداپ چۈشىمىز. ئايھاي، قار ياغقاندا ئوينايدىغان ئويۇنلىرىمىز شۇنچە كۆپ، شۇنچە قىزىقارلىق!

يۇرتۇمنىڭ قىش پەسلى نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك-ھە!



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭلار، ئاندىن لۇغەتكە قاراپ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈڭلار.

يېڭى سۆزلەر	پەرزىم	لۇغەت مەنىسى
لىباس		
جۈملە		
مەش		
جۈملە		
قەھرىتان		
جۈملە		
ھەيۋەتلىك		
جۈملە		
لاۋۇلدا-		
جۈملە		
غۇيۇلدا-		
جۈملە		

2. تۆۋەندىكى ئايلارنىڭ ئىسىملىرىنى پەسىللەرگە ماسلاشتۇرۇپ يېزىڭلار.

1 -ئاي	2 -ئاي	3 -ئاي	4 -ئاي	5 -ئاي	6 -ئاي
يانۋار	فېۋرال	مارت	ئاپرېل	ماي	ئىيۇن
7 -ئاي	8 -ئاي	9 -ئاي	10 -ئاي	11 -ئاي	12 -ئاي
ئىيۇل	ئاۋغۇست	سېنتەبىر	ئۆكتەبىر	نويابىر	دېكابىر

باھار	ياز

قىش	كۈز



3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار.

1) بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ كەتتى. ( )

2) چوڭ كۆيۈۋاتقان مەشتىكى ئوت كىشىگە ئىللىقلىق بېغىشلايدۇ. ( )

3) قىش پەسلىدە، داللار ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىدۇ. ( )

4) مەھەللىمىز باللارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بىلەن جىمىپ كەتتى. ( )

5) بۈگۈن قار شارىلداپ يېغىۋاتاتتى. ( )

4. تېكستتە قايسى ئويۇنلار تىلغا ئېلىنىدى؟ سىز بۇ ئويۇنلارنى ئويناپ باققانمۇ؟

5. يۇقىرىدىكى ماۋزۇدا قىلغان سۆزۈڭلارنى باھالاڭلار.

ئۆزۈمگە يۇلتۇز بېرىمەن.	قىلغانلىرىم
☆ ☆ ☆ ☆ ☆	سۆزلىگەندە بېشىمنى تىك تۇتتۇم.
☆ ☆ ☆ ☆ ☆	ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سۆزلىدىم.
☆ ☆ ☆ ☆ ☆	تېمىدىن چەتنەپ كەتمىدىم.
☆ ☆ ☆ ☆ ☆	سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلدىم.



6. قار مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ، بىر پارچە تېكست يېزىڭلار ۋە ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن ئورتاقلىشىڭلار.

رەسسام تەبئەت

ۋاھتجان ئوسمان

(شېئىر)

رەسسام ئىكەن تەبئەت،
ئۆزى چېچەن، قولى گۈل.
قالماپتۇ ئۇ سىزمىغان،
دەريا، دېڭىز، ئېرىق، كۆل.

بوستانلىقتا قۇشلارمۇ،
خەندان ئۇرۇپ سايراپتۇ.
كېيىك، توشقان، ماراللار،
سەكرەپ-تاقلاپ يايراپتۇ.

قۇياش، يۇلتۇز، ئالتۇن ئاي،
ھەۋەس بىلەن بېقىپتۇ.
تەبئەتنىڭ سۆيگۈسى،
ھەممە دىلغا يېقىپتۇ.

تۆت پەسىلنىڭ رەڭگىنى،
بەكمۇ كۆركەم سىزىپتۇ.
ئېتىز، ئورمان، گۈلزارنى،
رەت-رېتىچە تىزىپتۇ.

كۆنۈكمە



1. شېئىرنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىڭلار ۋە ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەتتىكى مەنىسى	جۈملە
قولى گۈل		
خەندان		
چېچەن		
دىلىغا ياق-		
كۆركەم		
ھەۋەس		
رەت-رېتىچە		
بوستانلىق		

3. تۆۋەندىكىلەرنى چوڭدىن كىچىككە قارىتا تىزىپ چىقىڭلار ۋە پەرقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

دەريا دېڭىز ئېرىق ئوكيان

كۆلچەك كۆل

4. تۆۋەندە بېرىلگەن ئالاھىدىلىكلەردىن شېئىردا بار بولغانلىرىنى ئىشارەتلەڭلار.

قاپىيەداشلىق ( )

ئۇزۇن مىسرالار ( )

بەش مىسرادىن تۈزۈلگەن كۇپلېتلار ( )



5. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.


1) شېئىردا تەبىئەت نېمىگە/ كىمگە ئوخشىتىلغان؟ نېمە ئۈچۈن؟

2) شېئىردا تەبىئەتتىكى نېمىلەر تىلغا ئېلىنىپتۇ؟

3) سىزنىڭچە تەبىئەتنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

4) ئەگەر بۇ شېئىرنى سىز يازغان بولسىڭىز، ئىسمىنى قانداق قوياتتىڭىز؟

6. شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىنى نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار.



كىتابتا قايسى ماۋزۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قىسمى «مۇندەرىجە» دەپ ئاتىلىدۇ.

7. كىتابىڭلارنىڭ «مۇندەرىجە» يېزىلغان بېتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.



8. «مۇندەرىجە» يېزىلغان بەتتىن «رەسسام تەبىئەت» ماۋزۇلۇق تېكىستنى تېپىڭلار ۋە قانچىنچى بەتتە كۆرسىتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. ئاندىن شۇ بەتتە بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈڭلار.

9. تۆۋەندە بېرىلگەن رەسىم ھەققىدە سۆھبەتلىشىڭلار.



8-دەرس

ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار



تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قوشۇمچىسىنى ئايرىڭلار ۋە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ سۆز تومۇرىغا ئۇلانغاندىن كېيىنكى رولى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭلار.

- ئۇ ناھايىتى ئىشچان بالا.
- بۇ ئىشنى مەن قىلغان.
- ئۇنىڭ دادىسى بەك سۆزمەن.
- بۇ سۆزگە جۈملە تۈزۈڭ.

بەزى قوشۇمچىلار سۆز تومۇرىغا ئۇلىنىپ، يېڭى مەنىلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ. بەزى قوشۇمچىلار جۈملىدە سۆزلەرنى بىر-بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينايدۇ.

قوشۇمچىلار مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سۆز تومۇرىغا ئۇلىنىپ، يېڭى مەنىلىك سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

- تۇز-+ -لۇق = تۇزلۇق
- ئىش -+ -چى = ئىشچى
- تۆمۈر -+ -چى= تۆمۈرچى
- ئىش- + -لە =ئىشلە-
- ئاڭ -+ -لا = ئاڭلا-
- ئىش- + -چان = ئىشچان
- ياز- + -لىق = يازلىق

جۈملىدە سۆزلەرنى بىر-بىرىگە باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قوشۇمچىلار سۆز تۈرلىگۈچى

قوشۇمچىلار دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى (-لار / -لەر):

كىتاب- + -لار = كىتابلار؛ دەپتەر- + -لەر = دەپتەرلەر

ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى (-نىڭ/ -نى):

رەيهان -+ -نىڭ = رەيهاننىڭ؛ مەكتەپ- + -نى = مەكتەپنى

مەكتەپ ماڭ. (X)

مەكتەپ- + -كە= مەكتەپكە

ماڭ- + -دىم= ماڭدىم

مەكتەپكە ماڭدىم. (√)

قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى

1) قوشۇمچىلار تومۇرغا قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

- باغ-+ -ۋەن- + -چىلىك- + - كە = باغۋەنچىلىككە
- دېهقان-+-چىلىق- + -تىن = دېهقانچىلىقتىن
- ئىش-+-چى-+-لار-+-غا = ئىشچىلارغا

2) سۆزلەرگە ھەم سۆز ياسىغۇچى ھەم سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇشقا توغرا كەلگەندە، ئاۋۋال سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

- گۈل -+ -لۈك -+ -نىڭ = گۈللۈكنىڭ
- ئوقۇ- + -غۇچى- + -لار- + -غا = ئوقۇغۇچىلارغا
- تۆمۈر -+ -چى -+ -لىك- + -تە = تۆمۈرچىلىكتە

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ سۆز تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسىنى ئايرىڭلار ۋە قوشۇمچىلارنىڭ تۈرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1) كىتابتىن نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2) دوستلۇق رىشتىمىز مەڭگۈلۈك بولسۇن.

3) ئۇ كۆل سۈيىدە ئۆز ئەكسىنى كۆردى.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەلەپ بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىڭلار.

ئەمگەكچىلەر ئوقۇتقۇچىغا كۈچلۈك سىنىپتىن رەڭلىك قەلەمنى
دوختۇرخانا كۆزۈمگە ئاچقۇچنى ئوتلاق

1) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆزلەر:

2) سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆزلەر:

3) ھەم سۆز ياسىغۇچى، ھەم سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆزلەر:

3. بېرىلگەن ئۈلگە بويىچە جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار، ئاندىن ھەر بىر سۆزگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



سۆز تومۇرى	سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە	سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە	سۆز
ئاش	-لىق	-نى	ئاشلىقنى
جۈملەم: ئاشلىقنى قەدىرلەيلى.			
ئىش			
جۈملەم:			
ئوقۇ-			
جۈملەم:			
دەرس			
جۈملەم:			
خەلق			
جۈملەم:			
قوم			
جۈملەم:			

مەشىق باغچىسى



1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تومۇرىنى ئايرىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىن پايدىلىنىپ مەنىسىنى يېزىپ چىقىڭلار.

	سۆز تومۇرى	قوشۇمچىسى
سالقىنلىق		
مەنىسى		
تاقەتسىزلىك		
مەنىسى		
زىرائەتلەر		
مەنىسى		
ھىد		
مەنىسى		



2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەرتىپ بويىچە تىزىپ، راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1) يامغۇر شارىلداپ تۆنۈگۈن ياغدى كەچتە

2) تەڭ خۇشاللىقتىن بولايلى بەھرىمەن

3) بىلەن باللار موللاق چۆپلۈكتە مەن قوغلىشىپ ئوينىدىم ئېتىشىپ

4) ئۆز كۆلدە كۆردى ئەكسىنى ئۇ يۈزىنىڭ

3. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىڭلار.



- يازدا يېشىل، كۈزدە سېرىق،
  بارار يېرى ئويمان ئېرىق.   جاۋابى:

- بىلى ئىنچىكە ئۇزۇلۇپ كەتكۇدەك،
  ئوزۇق يىغار يىللاپ يەتكۇدەك.   جاۋابى:

خاتالىقنى تۈزىتەيلى

ئېغىز تىلدا «ر، ل » تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگەندە، ئەگەر توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، بەزى سۆزلەردە «ر» ۋە «ل» تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. چۈشۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىش ۋە مۇشۇ بويىچە يېزىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن:

توغرا يېزىلىشى ۋە توغرا تەلەپپۇزى		خاتا يېزىلىشى ۋە خاتا تەلەپپۇزى	
يىللار	√	يىللا	X
ئادەملەر	√	ئادەملە	X
بارغان	√	باغان	X

توغرا يېزىلىشى ۋە توغرا تەلەپپۇزى		خاتا يېزىلىشى ۋە خاتا تەلەپپۇزى	
سالغان	√	ساغان	X
يالغان	√	ياغان	X
قىلغان	√	قىغان	X

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئىملاسى خاتا سۆزلەرنى تېپىپ تۈزىتىڭلار.

1) ھەي باللا، نېمە قىلىۋاتىسلە؟

2) سىلەر قاچان مەكتەپكە باغان؟

3) ياغان گەپ قىلىش بىزگە ياراشمايدۇ.

4) بۇ مەن قىغان ئىش.

سىزىش ۋە يېزىش مەشقى



5. كۆز پەسلىنى تەسۋىرلەپ، بىر پارچە رەسىم سىزىڭلار ۋە سىزغان رەسىمىڭلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بىر پارچە تېكىست يېزىڭلار.

6. سىزغان رەسىملىرىڭلاردىن پايدىلىنىپ، كىچىك بىر كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇڭلار.

7. تۆۋەندە بېرىلگەن رەسىم ھەققىدە سۆھبەتلىشىڭلار.

ئۈچىنچى بۆلەك

ئەقىل ۋە بىلىم

دەرسكە تەييارلىق

- ساۋاقداشلىرىڭىز سىزدىن رۇخسەت سورىماي تۇرۇپ، ياكى سىز قوشۇلمىغان ئەھۋالدا، بىرەر نەرسىڭىزنى ئېلىپ ئىشلەتسە قانداق ھېسسىي-تۇيغۇغا كېلىسىز؟
- سىزگە ئائىت بولغان نەرسىنى ساۋاقداشلىرىڭىزدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىسىز؟

9-دەرس

ئەقىللىق بالا

ۋاھىتجان ئوسمان قاتارلىقلار

(چۆچەك)



بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، ئىنتايىن ئاچ كۆز، قۇۋ بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ يېرىنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىكەن.

بىر يىلى، بىر ئاق كۆڭۈل دېھقان بۇ باي بىلەن ئىجارە توختامى تۈزگىلى بارماقچى بوپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ياشلىق ئوغلى: «دادا، بۇ ئىشقا مەن بارايچۇ!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. دېھقان ماقۇل بوپتۇ.

بالا باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن:

— سىلى بۇ يىل تېرىلىدىغان زىرائەتنىڭ قايسى قىسمىنى ئالىدىلا؟— دەپ سوراپتۇ.

— دادىسى ھاماقەتنىڭ، كىچىك بالىسىنى ئەۋەتكىنىنى قاراڭلار،— دەپ كۈلۈپتۇ باي ئىچىدە،— تازا پايدا ئالىدىغان بولدۇم— دە!

— ئاستى قىسمىنى،— دەپتۇ باي توختامغا قول قويۇپ.

بالا قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە بۇغداي تېرىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بۇغداي پىشقاندا، باي ئەجارە يىغىشقا كەپتۇ. دېھقان بۇغدايلىرىنىڭ باشقىنى ئۈزۈۋېلىپ، غوللىرىنى بايغا قالدۇرۇپتۇ. باي غەزەپلەنگەن هالدا هەيۋە قىلغانىكەن، ئەقىللىق بالا توختامنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ. باي غىڭ قىلالماي قاپتۇ.

ئىككىنچى يىلى بالا يەنە توختام تۈزگىلى بېرىپتۇ. «بۇ قېتىم ئەدىپىڭنى راسا بەرمەيدىغان بولسام» دەپ ئويلاپتۇ باي ۋە:

— بۇ يىل زىرائەتنىڭ ئۈستى قىسمىنىمۇ، ئاستى قىسمىنىمۇ ئالىمەن، — دەپتۇ.

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن، — دەپتۇ بالا مىيىقىدا كۈلۈپ.

ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئۆيدىكىلەرگە: «بۇ يىل قوناق تېرىيلى» دەپتۇ.



كۈز كەپتۇ. دېھقان قوناقنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېلىپ، شېخىنى قالدۇرۇپتۇ. بۇ هالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان باي:

— مەن بۇ يىلقى زىرائەتنىڭ ئۈستى قىسمىنىمۇ، ئاستى قىسمىنىمۇ ئالىمەن دېگەندىمغۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— دېگەنلىرىدەك بولدى، — دەپتۇ بالا كۈلۈپ تۇرۇپ، — قارىسىلا، بۇ قوناق شاخلىرىنىڭ ئۈستىمۇ، ئاستىمۇ شۇ پېتى تۇرمامدۇ!

باي بۇ نۆۋەتمۇ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئۈچىنچى يىلى بالا توختام تۈزگىلى بارغاندا، باي: «ئەمدىغۇ ئۈچۈمنى ئالارمەن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— يەردىن ئۈنۈپ چىققاننىڭ هەممىسىنى ئالىمەن! — دەپتۇ. بالا رازىلىق بىلدۈرۈپ:

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن! — دەپتۇ.

دېھقان ئوغلىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە پىياز تېرىپتۇ. كۈز بولغاندا باي كەپتۇ. ئۇ ئېتىزلىقتىكى هەممە پىيازنى يىغىۋالماقچى بوپتىكەن، بالا توختامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قارىسىلا، توختامدا سىلى يەردىن ئۈنۈپ چىققاننىڭ هەممىسىنى ئالىمەن دېگەن، شۇڭا سىلىگە پىيازنىڭ كۆكى تېگىدۇ، يەر تېگىدىكى پىياز توختام بويىچە بىزگە قالىدۇ، — دەپتۇ.

يەنە ئۇتتۇرۇپ قويغان باي دەردكە چىدىماي ئۆيىگە بېرىپلا ئاغرىپ قاپتۇ ۋە بۇ جەرياندا ئۆزۈن

ئويلاپ ناھايىتى پۇشايمان قىلىپتۇ.

كۆنۈكمە



1. تېكىستنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە روللارغا بۆلۈنۈپ ئوقۇپ بېقىڭلار.

2. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) باي بىلەن بالا نېمىلەر ئۈچۈن توختام تۈزۈپتۇ؟

2) باي ئۈچىنچى يىلى ھوسۇل يىغقىلى بارغاندا، نېمىشقا ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالالماپتۇ؟

3) باي نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپتۇ؟

4) سىزنىڭچە كېيىن نېمە ئىشلار بولغاندۇ؟

3. تىرناق ئىچىدىكى قايسى ئىبارە، ئاستى سىزىلغان سۆزنى بىلدۈرىدۇ؟

1) باي غىڭ قىلالماي قاپتۇ. (گەپ قىلالماي، ناخشا ئېيتالماي)

2) بالىنىڭ سۆزىدىن باينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. (ئاچچىقى كېلىپتۇ، كەپتەرلىرى ئۇچۇپ كېتىپتۇ)

3) باي بۇ نۆۋەتمۇ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. (ھەق تەلەپ قىلالماسلىقتا، سۇنى يۇتۇۋېتىشكە)



4) دادىسى ھاماقەتنىڭ، مۇشتەك شۇمنى ئەۋەتكىنىنى قاراڭلار — دەپ كۈلۈپتۇ باي ئىچىدە. (مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى تاشنى، كىچىك بالىنى)

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاۋۋال مەنىسىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭلار، كېيىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاندىن بۇ سۆزلەرگە بېرىدىن جۈملە تۈزۈڭلار.

يېڭى سۆزلەر	پەرىزىم	لۇغەتتىكى مەنىسى	جۈملەم
ئەقىللىق			
ئاق كۆڭۈل			

قوۋ			
تۇرلۇك			
توختام			
ئىجارە			
هاماقەت			
پايدا ئال-			
هەيۋە قىل-			
ئۆت-			

4. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېقىڭلار.

1) بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر.

2) ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

3) نىيىتىڭ يامان بولسا، بېشىڭ ئامان بولماس.

4) كۈچ ھەممىنى ئېگەر، ئەقىل كۈچنىمۇ يېڭەر.

5) كىشىگە قىلساڭ يامانلىق، ئۆزۈڭگە بولماس ئامانلىق.

6) ئۆچكىدىمۇ ساقال بار.



5. يۇقىرىدىكى ماقال-تەمسىللەر ئىچىدىكى مەنىسى يېقىنلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

10-دەرس

بىلىم بىلىڭ

(قەدىمكى ئۇيغۇر قوشىقى)



بىلىم بىلىڭ ئەي بېگىم،
بىلىم سىزگە دوست بولۇر،
بىلىم بىلگەن كىشىگە،
بىر كۈن دۆلەت يار بولۇر.

بىلىملىكنىڭ بېلىگە،
تاش باغلىسا قاش (قاشتېشى) بولۇر،
بىلىمسىزنىڭ يېنىغا،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.

كۆنۈكمە



1. شېئىرنى راۋان ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.
2. شېئىرغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) شېئىردا بىلىمنىڭ قىممىتى قانداق ئىپادىلەنگەن؟
2) بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزنىڭ پەرقى نېمە؟
3) بىلىم ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
4) بىلىم ئىگىلىسەك، بىز ئۈچۈن قانداق پايدىلىرى بار؟

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال شېئىر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پەرەز قىلىپ بېقىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىن تېپىپ سېلىشتۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	پەرىزىم	لۇغەتتىكى مەنىسى
دوست		
دۆلەت		
قاشتېشى		
يار		
تاڭ-		
بىلىملىك		



4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.


بىلىم:

بىل-:

تاڭ-:

يان:

5. بۇ شېئىرنى ئوقۇپ، نېمىنى ھېس قىلدىڭلار؟ «بىلىم سىزگە دوست بولۇر» دېگەن جۈملىنى قانداق چۈشەنسەك بولىدۇ؟



كىتابقا كىرگۈزۈلگەن تېكىستلەرنى قەيەردىن ئالغان بولساق، بۇنى كىتابتا ئېنىق يازىمىز. يازغانلىرىمىزنى بولسا، «مەنبەلەر» قىسمىدا بېرىمىز.


5. كىتابىڭلارنىڭ «مەنبەلەر» بۆلۈمىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار ۋە «بىلىم بىلىك» دېگەن تېكىستنىڭ مەنبەسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

11-دەرس

ھەسەل ھەرىسى

ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار

(بايان ماقالىسى)



ئاڭلىشىمچە، ھەسەل ھەرىسىنىڭ يۆنىلىشنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بار ئىكەن. ئۇ قەيەرگىلا ئۇچۇپ بارسۇن، ھامان ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلەلەيدىكەن. مەن بۇنى بىر تەجرىبە قىلىپ باقماقچى بولدۇم.

بىر كۈنى، ھەسەل ھەرىسىنى تۇتۇپ قەغەز خالتىغا سالدىم. گۈللۈكىمىزگە قايتىپ كەلگەن ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ مەن قويۇپ بەرگەن ھەرىلەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاق رەڭ بىلەن بەلگە قويۇپ قويدۇم. ئاندىن كېيىن، كىچىك قىزىمنى ھەرە ساندۇقىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم بەلگە قىلىپ قويۇلغان يىگىرمە تال ھەسەل ھەرىسىنى ئېلىپ، ئىككى كىلومېتىردىن ئارتۇقراق يول يۈرۈپ، مەھەللە سىرتىغا چىقتىم. مەن قەغەز خالتىنى ئېچىپ، ئۇلارنى قويۇۋەتتىم. سولاپ قويۇلغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغان بۇ ھەرىلەر ئۆيگە قايتىدىغان يولنى ئىزدەۋاتقاندەك تەرەپ-تەرەپكە تاراپ كەتتى. تۇيۇقسىز شامال چىققىلى تۇردى. ھەرىلەر شۇئان يەر بېغىرلاپ دېگۈدەك پەس ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇنداق قىلغاندا، ئېھتىمال قارشىلىق كۈچىنى ئازايتقىلى بولسا كېرەك. مەن: «ئۇلار بۇنچە پەس ئۇچسا، يىراقتىكى ئۇۋىسىنى قانداقمۇ كۆرەلەيدۇ؟» دەپ ئويلىدىم.

ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىمدا، ھەسەل ھەرىلىرى ئۆينى تاپالمايدىغان بولدى، دەپ پەرەز قىلغان ئىدىم. بىراق، مەن ھويلا ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىماي تۇرۇپلا، قىزىم يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھاياجانلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.



— ئىككى ھەسەل ھەرىسى قايتىپ كەلدى! ئۇلار سائەت ئىككىدىن قىرىق مىنۇت ئۆتكەندە كەلدى، ئۇستىبېشى گۈل چېڭى بولۇپ كېتىپتۇ. - دەپ چاقىلداپ سۆزلەپ كەتتى.

مەن ھەسەل ھەرىلىرىنى دەل سائەت ئىككىدە قويۇپ بەرگەنىدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قىرىق مىنۇتتا ئىككى ھەسەل ھەرىسى ئىككى كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپتۇ. بۇ تېخى ئۇلارنىڭ گۈل چېڭى يىغقان ۋاقتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى، بىز قالغان ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدۇق. ئەتىسى، ھەرە ساندۇقىنى تەكشۈرۈپ بېقىپ، ئۇستىگە ئاق بەلگە سېلىنغان ئون بەش ھەرىنى كۆردۇم. شۇنداق قىلىپ، يىگىرمە ھەسەل ھەرىسى ئىچىدە ئون يەتتىسى نىشانىدىن ئادىشىپ قالماي، ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار شامالغا قارشى ئۇچقان، ناتونۇش جايلاردىن ئۆتكەن بولسىمۇ، راستتىنلا يېنىپ كەلگەنىدى.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ بۇ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارى مېنى بەكلا قىزىقتۇرۇۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئەستە ساقلىيالامدۇ؟ ياكى ئالاھىدە ئورگانلىرى ئارقىلىق يولىنى تاپامدۇ؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلىش ئۈچۈن يەنىمۇ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىمەن.

كۆنۈكمە



1. ئاپتورنىڭ قانداق تەجرىبە ئىشلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەت مەنىسى	جۈملە
ھامان		
دەلىللە-		
ئېھتىمال		
پەرەز قىل-		
پەۋقۇلئاددە		
ئىقتىدار		
بوسۇغا		
چاڭقىلدا-		
نىشان		
ئادىشىپ قال-		

3. تېكىستكە ئاساسەن، تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى.

1) ئاپتور تەجرىبە ئىشلەش جەريانىدا، قانداق يەكۈنگە ئىگە بولغان؟

2) بۇ يەكۈنگە قانداق ئېرىشكەن؟

3) ھەسەل ھەرىسى ھەققىدە يەنە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

4) ھەسەل ھەرىسىنىڭ تۇرمۇشىمىزدا قانداق رولى بار؟



4. ھەسەل ھەرىسى توغرىسىدا ئىزدىنىڭلار ۋە تېپىپ كەلگەن مەلۇماتلارنى سىنىپتا ئورتاقلىشىڭلار.

12-دەرس

ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

بىر قىسىم سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى بەزى سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

باش ـ + ـ ىم = بېشىم، ياتاق ـ + ـ ىم = ياتىقىم، خەت + ـ ى = خېتى

ئال ـ + ـ ىپ = ئېلىپ، كەل ـ + ـ ىڭ = كېلىڭ

1) تەركىبىدە «ئا» ۋە «ئە» تاۋۇشلىرى بار بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ.


ئات + ـ ى = ئېتى؛ مال + ـ ىڭ = مېلىڭ؛ قان+ ـ ىم= قېنىم؛ كەل- + ـ ەر = كېلەر ...

2) «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ:

ئائىلە + ـ دە = ئائىلىدە؛ قەلەم + ـ ىڭ = قەلىمىڭ؛ بالا + ـ لار = بالىلار؛ دەپتەر + ـ ىم = دەپتىرىم...

3) بەزىدە «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ھالىتىدە كېلىدۇ، ئاجىزلاشمايدۇ:

سان + ـى = سانى؛ تەم +ـى = تەمى؛ ئەخلاق + ـى= ئەخلاقى؛ گۇناھ + ـى = گۇناھى ...



ئېغىز تىلىدىكى قوللىنىش شەكلىنىڭ ئەدەبىي تىلدا ئومۇملاشتۇرۇلۇشى سەۋەبىدىن مۇشۇنداق ئۆزگىرىش كېلىپ چىققان. ئەسلىدە ئەدەبىي تىل ئومۇملىششى كېرەك.

تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز

سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ، تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىككەن سۆز ۋە جۈپ

سۆز دېگەن تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) تۈپ سۆز: ھېچقانداق سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلەڭگۈچى قوشۇمچە قوشۇلمىغان سۆزلەرنى تۈپ سۆز دەيمىز. تۈپ سۆزلەر بىر بوغۇملۇق، ئىككى بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەر دەپ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەر: تاغ، يەر، سۇ، كۆك، ئىش، ماڭ-، ياز، بەش، ئون ...



ئىككى بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەر: يۈگۈر-، ئېگىز، ئادەم، ئىككى، بېلىق ...

كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەر: ئەتىگەن، ئىنقىلاب، مورفولوگىيە، ئېنېرگىيە ...

2) ياسالما سۆز: سۆز تومۇرىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىپ، يېڭى مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ياسالما سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

-چى: ئىش + -چى = ئىشچى؛ تاش + -چى = تاشچى؛ گۈل + -چى = گۈلچى

-لىق/-لىك/-لۇق/-لۈك: ياز + -لىق = يازلىق؛ تەتىل + -لىك = تەتىللىك؛ پۇل + -لۇق = پۇللۇق؛ كۆز + -لۈك = كۆزلۈك

-غۇچى/-قۇچى/-گۈچى/-كۈچى: ئوقۇ- + -غۇچى = ئوقۇغۇچى؛ ئوقۇت- + -قۇچى = ئوقۇتقۇچى؛ كۈت- + -كۈچى = كۈتكۈچى؛ سەز- + -گۈچى = سەزگۈچى

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ، ھەر بىرىگە ئىككىدىن سۆز ياساڭلار.

-چى		
-چان		
-دان		
-سىز		

-ۋەن		
-غۇچ		
-غۇ / -قۇ		



2. تۆۋەندىكى تۈپ سۆزلەرگە مۇۋاپىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇپ، ياسالما سۆز ياساڭلار ۋە ياسىغان سۆزلىرىڭلارغا جۈملە تۈزۈڭلار.

1) ئەقىل:

2) ئىش:

3) ئاش:



3. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى ئوقۇپ، تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ياسالما سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1) بىلىمسىزلىك نامراتلىقتىن يامان.

2) چوشلۇك ئۆمرۈڭ بولسا، كەچلىك ئوزۇق تاپ.

3) راستلىق ــ ھەقلىق.

4) مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن.


مەشىق باغچىسى

تىل خەزىنىسى



1. كۆچۈرۈۋالاي! يادلىۋالاي!

- مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.
- ساپ ئالتۇن بولماس، ئەيىبسىز ئادەم بولماس.
- ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.



كۆزىتىش ۋە بايقاش

- بىلىقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ ئۇخلايدىغانلىقىنى بايقىدىم.
- مەن كېچە ئاسمىنىنى كۆزىتىپ، يەتتە تىكەن يۇلتۇزنى تونۇۋالدىم.

2. سىلەر يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە نىملەرنى كۆزەتتىڭلار؟ قانداق يېڭى نەرسىلەرنى بايقىدىڭلار؟



3. ئۆزۈڭلار كۆزەتكەن نەرسىلەر توغرۇلۇق كۈندىلىك خاتىرە يېزىڭلار.

4. ئىككى ساۋاقداش بىرلىكتە مەنىداش سۆزلەرنى تېپىپ تۇتاشتۇرۇڭلار.

ئۈمىد	چىراي
قەيسەر	سالماق
تەمكىن	گۈزەل
رۇخسار	ئارزۇ
كۆركەم	باتۇر



5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى ئىككى ساۋاقداش بىرلىكتە يېزىڭلار.

ناتونۇش	
ئوڭ	
خەتەر	
چوڭقۇر	
قۇرغاق	
كەم	



6. تۆۋەندىكى «رۇخسەت سوراش خېتى»نى ئوقۇپ چىقىڭلار.

رۇخسەت سوراش خېتى

ھۆرمەتلىك قۇتلۇق مۇئەللىم:

ئەتە دوپپا بايرىمىنى قۇتلاش مۇناسىۋىتى بىلەن، شەھىرىمىزدىكى «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» نامىلىق يىغىن زالىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى. مەن بۇ مۇسابىقىدا مەكتىپىمىزگە ۋاكالىتەن نۇتۇق سۆزلەيمەن. شۇڭا ئەتە، 2023-يىلى 5-ئاينىڭ 5-كۈنى 10:00 دىن 12:00 گىچە، ئىككى سائەت رۇخسەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

تومارىس ئالماس

7. جەدۋەلنى يۇقىرىدىكى «رۇخسەت سوراش خېتى»گە ئاساسەن تولدۇرۇڭلار.

يۇقىرىدىكى تېكىستنىڭ ماۋزۇسى نېمە؟	
كىم كىمدىن رۇخسەت سورىدى؟	
رۇخسەت سوراش سەۋەبى نېمە؟	
قايسى كۈن، قايسى ۋاقىت ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى؟	
قانداق سىپايە سۆزلەرنى ئىشلەتتى؟	
ئۇ سىپايە سۆزلەرنى قەيەرلەردە ئىشلەتتى؟	
تومارىسنىڭ فامىلىسى نېمە؟ ئۇ قايسى سىنىپتا ئوقۇيدۇ؟	



8. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ بولغان بىر «رۇخسەت سوراش خېتى» يېزىپ چىقىڭ.

ماۋزۇسى	
قايسى سىپايە سۆزنى ئىشلىتىسىز؟	
كىمدىن رۇخسەت سورايسىز؟	
نېمىشقا رۇخسەت سورايسىز؟	
قانچىلىك ۋاقىت رۇخسەت سورايسىز؟ (چېسلانىمۇ ئېنىق يېزىڭ.)	
ئاخىرىدا قايسى سىپايە سۆزنى ئىشلىتىسىز؟	
سىز كىم بولىسىز؟	




9. ئەگەر سىز ئىككى كۈندىن كېيىن 15.00 تىن 17.00 گىچە «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىش مۇسابىقىسى»غا قاتناشماقچى بولسىڭىز، رۇخسەت سوراش خېتىنى قانداق يازىسىز؟ تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا يېزىپ بېقىڭ.



10. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنى مۇۋاپىق جايلارغا يېزىڭلار.

ئوقۇتقۇچى ۋەتەن كۆچلۈك يول ئوقۇ- قارا قارامتۇل





11. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىڭلار.

ماڭسام ماڭىدۇ، تۇرسام تۇرىدۇ.

سوغۇق بولسا مەي باغلاپ،
ئەجەپ تاتلىق پىشىدۇ.
ئىسسىق بولسا ساپاقتىن،
يەرگە ئېرىپ چۈشىدۇ.

تۆتىنچى بۆلەك

پەن ـ تېخنىكا ۋە بىز

دەرسكە تەييارلىق

- يېقىندا پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى توغرۇلۇق قانداق يېڭى خەۋەر ئاڭلىدىڭلار؟
- كۈندىلىك تۇرمۇشتا پەن-تېخنىكىدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟

13-دەرس

ئالما ئىچىدىكى يۇلتۇز

(ھېكايە)



بىر كۈنى ئوغلۇمنى ئالغىلى يەسلىگە باردىم. ئوغلۇم ئىشىكتىن چىقىپ، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلگەنچە قولۇمنى تۇتۇپ:

— دادا، دادا، ئالما ئىچىدە نېمە بار؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇرۇقى بار، — دېدىم ئويلانمايلا.

— يەنچۇ؟

— ئۇرۇقتىن باشقا نەرسە يوقتۇ،— دېدىم ئوغلۇمنىڭ سۆزىگە سەل ئەجەبلىنىپ.

— ئۆيدە ئالما بارمۇ؟— دەپ سورىدى، ئوغلۇم.

— بىلمەيمەن، — دېدىم، بار- يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرەلمەي.

— يولدىن ئالما ئېلىۋالايلى، بولامدۇ؟ ساڭا بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدى ئوغلۇم مەغرۇر ھالدا.

يولدىن ئالما ئېلىپ ئۆيگە كەلدۇق. ئوغلۇم ئۆيگە كىرىپلا، ئاشخانا ئۆيدىن ئۆزى تۇتۇشقا تېگىشلىك بولمىغان پىچاقنى ئېلىپ چىقىپ، ئالمىدىن بىرنى قولىغا ئالدى -دە، ئۈستەلگە قويۇپ:

— ساڭا كۆرسىتىپ قوياي-ھە!— دېگىنىچە ئالمىنى كېسىشكە تەييارلاندى.

ئوغلۇمنىڭ قولىنى كېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتىم. ئۇ ئالمىنى تۇمشۇقىدىن كەسمەي، دەل قورساق تەرىپىدىن كەستى. ئۇنىڭ ئالمىنى كېسىشتىكى بۇ خىل خاتا ئۇسۇلىغا كۈلۈپ كەتتىم. «بۇنداق كەسمەيدۇ» دەپ بولغۇچە ئالمىنى كېسىپ ئىككى پارچە قىلىپ بولدى ۋە بىر پارچىسىنى ماڭا تەڭلەپ:

— ئەمدى قارىغىنە، نېمە بار ئىكەن؟— دېدى.

تـوۋا، ئالما توغرىسىغا كېسىلسە، ئۇرۇق ئەتراپى خۇددى بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزغىلا ئوخشايدىكەن ئەمەسمۇ! مۇشۇ كەمگىچە ئادەتلىنىپ قالغان ئۇسۇل بويىچە ئىككى پارچە قىلغان، ئىچىدە قانداق شەكىل بارلىقىغا زادىلا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. لېكىن، ئوغلۇم مېنى يېڭى بىر بايقاشقا ئىگە قىلدى.

كىم بىلىدۇ دەيسىز، بىرىنچى قېتىم ئالمىنىڭ «خاتا» كېسىلىشى قىزىقىشتىن ياكى بىخۇدلۇقتىن بولۇشى مۇمكىن. مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇرغىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەكىلنىڭ نەقەدەر جەلپ قىلىش كۈچىگە



ئىگە ئىكەنلىكى بولدى. بۇنداق كېسىش قانداق بارلىققا كەلگەن؟ يەسلىگە نەدىن كەلگەن؟ بۇ نامەلۇم ھەم ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئالما ئىچىدىكى يۇلتۇزنىڭ بايقىلىشى. ئوغلۇم بۇنى ماڭا كۆرسەتتى، مەن باشقىلارغا دەپ بەردىم.

كۆنۈكمە

1. ھېكايىنى ئەدەبىي تەلەپپۇزدا توغرا، راۋان ۋە دىيالوگلار بويىچە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.



2. ھېكايىنى ئۆز چۈشەنچەڭلەر بويىچە ئېيتىپ بېرىڭلار.

3. بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ، سۆز بىرىكمىسى تۈزۈپ بېقىڭلار.

1) نەقەدەر (   )   2) نامەلۇم (   )

(   )   (   )

(   )   (   )



4. تۆۋەندىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىسىنى يېزىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەت مەنىسى	جۈملە
بىخۇدلۇق		
جەلپ قىلىش كۈچى		
جەزىملەشتۈر-		
ئەجەپلەن-		
تەڭلە-		
توغرىسىغا كەس-		
مۇشۇ كەمگىچە		
بايقا-		
نەقەدەر		
نامەلۇم		



5. تۆۋەندىكى تۆۋەندىكى مەنداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

تىت-تىت بول ـ	ئاچچىقلان ـ
غەزەپلەن ـ	قارا-
تەمكىن	دەخلى، چاتاق
نەزەر سال ـ	تاقەتسىزلەن ـ
سىيما	هەۋەس قىل-
كاشىلا	قىياپەت
دىققەت قىل ـ	ئىغىر-بېسىق
قىزىق ـ	ئىتىبار بەر-

6. تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئىككى سوئال يېزىڭلار ۋە ساۋاقداشلىرىڭلاردىن سوراڭلار.

ئۈلگە: بالا ئالمىنى نېمە ئۈچۈن توغرىسىغا كەستى؟

1-سوئالىم:

2-سوئالىم:

14 – دەرس

كومپيۇتېر ۋە ئانا تىلىمىز

(تونۇشتۇرۇش ماقالىسى)

كومپيۇتېر ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كومپيۇتېردا ۋە باشقا ئېكرانلاردا توغرا ۋە چىرايلىق يېزىلىشى ئۈچۈن، ئۇيغۇر زىيالىيلار نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى.


ھازىرقى پەن-تېخنىكا دەۋرىدە، بىز ۋىندوۋس (Windows) مۇھىتىدا ئانا تىلىمىزنى ئىشلىتەلەيمىز. گوگۇل (Google) قاتارلىق ئىزدەش موتورلىرىدا ئانا تىلىمىزدا خەت يازالايمىز ۋە ئۇچۇر ئىزدىيەلەيمىز. ئەقىللىق ۋە تىرىشچان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بولمىغان بولسا، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردە ئانا تىلىمىزنى خالىغان چاغدا بىمالال ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىتەلمىگەن، ھەتتا ئانا تىلىمىزدا مەشغۇلات ئېلىپ بارالمىغان بولاتتۇق.

ئۇيغۇرچە ھەرپلەر 1998-يىلىلا يۇنىكود (Unicode) قا تولۇق كىرىپ بولغان.

يۇنىكود: يېزىقتا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ئۆلچەم بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئىشلىتىۋاتقان ھەر قانداق ھەرپ-بەلگىگە بىر-بىرلەپ رەقەم (كود) بېرىپ، كومپيۇتېردا ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.


پروفېسسور ھوشۇر ئىسلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقات گۇرۇپپىسى خەلقئارا ئۆلچەملەشتۈرۈش تەشكىلاتى (ISO) غا تەكلىپ يوللىغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ھەرپلەر يۇنىكودقا كىرگەن.





دր. ۋارىس ئابدۇكېرىم جانباز

يۇنىكود 2002 -يىلىغىچە، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشمىغان. شۇ يىلى دوكتور ۋارىس ئابدۇكېرىم جانباز تۇنجى قېتىم يۇنىكود ئۆلچىمىنى ئىشلىتىپ ئۇيغۇرچە فونت ياسىدى، ئاندىن ئۇنى ئۆزى ياسىغان ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچكە قوشۇپ ھەقسىز تارقاتتى؛ شۇنداقلا يۇنىكود ئۆلچىمىنى ئىشلىتىشنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈرۈپ، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندى.



غەيرەت كەنجى

غەيرەت كەنجى ئەپەندى ئۇيغۇرچە تەھرىرلەش، يېزىق ئايلاندۇرۇش ۋە ئىملا تۈزىتىش دېتالى «Uyghuredit» نى ئىشلەپ، 2003-يىلى ھەقسىز تارقاتتى. يېقىندا يېڭىلانغان نۇسخىسىدا ئۇيغۇرچە ئوپتىكىلىق ھەرپ تونۇش (OCR) ئىقتىدارىمۇ بار. ئۇ يەنە ۋەتىنىمىزدە مەجبۇرىي تاقىۋېتىلگەن ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.



ئالىم ئەھەت

ئالىم ئەھەت ئەپەندى 1998-يىلى «ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇرسوفت» نامىلىق شىركەتنى قۇردى ۋە ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ 17 يېشىدىلا كومپيۇتېر پىروگراممىسى يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، 24 يېشىدا «ئۇيغۇرسوفت» شىركىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، بىر يۈرۈش ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە كومپيۇتېر فونتلىرى، كۇنۇپكا تاختىلىرى، ئۇيغۇرچە-خىتايچە-ئىنگلىزچە -ئەرەبچە كومپيۇتېر لۇغىتى ۋە ئۇيغۇرچە ئىملا تەكشۈرۈش يۇمشاق دېتاللىرىنى لايىھەلەپ، ياساپ تارقاتتى.

ئۇ يەنە ۋىندووس مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچ ۋە «ئۇيغۇرسوفت ئەلكاتىپ» فونتلىرىنى ياساپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىدا، كومپيۇتېر ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەردە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا كۆپ ھەسسە قوشتى.

ئۇيغۇر تىلى ئۇچۇن پىداكارلىق كۆرسەتكەن بۇ پەن-تەتقىقاتچىلىرىمىزغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئۇيغۇر تىلىنىڭ كومپيۇتېر ۋە يانفون قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلار ئەجىر سىڭدۈرگەن. تېكىستتە نەمۇنە سۈپىتىدە كىملەر تىلغا ئېلىنىدۇ؟

2) بۆكىشلەرنىڭ ھەممىسدە بار بولغان ئورتاق ئالاھىدىلىك نېمە؟
3) بىز نېمە ئۈچۈن ئاللىرىمىزغا رەھمەت ئېيتىمىز؟
4) سىزنىڭ نېمە ئىجاد قىلغۇڭىز ياكى ياساپ چىققۇڭىز بار؟



2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەتتىكى مەنىسى	جۈملە
مەشغۇلات		
يۇمشاق دېتال		
كومپيۇتېر		
يانفون		
ئىملا		
زامانىۋى		
ئۈسكۈنە		
فونت		
كىرگۈزگۈچ		
ئۆلچەم		

3. تۇرمۇشتا بىزنىڭ ئۈچۈر ئېلىشىمىزغا ۋە بۇ ئۈچۈرلار ئارقىلىق ھەرخىل ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان گېزىت، رادىيو، تېلېۋىزور قاتارلىق نۇرغۇن ئالاقە قوراللىرى بار. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلگە تولدۇرۇڭلار.

ئاۋازلىق ئالاقە قورالى	
كۆرۈنۈشلۈك ئالاقە قورالى	
ھەم ئاۋازلىق ھەم كۆرۈنۈشلۈك ئالاقە قورالى	

4. تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تېكىستكە ئاساسەن تولدۇرۇڭلار.

پەن-تەتقىقاتچىلىرىمىز	قىلغان ئىشلىرى
پىروفېسسور ھوشۇر ئىسلام	
دوكتور ۋارىس ئابدۇكېرىم جانباز	
غەيرەت كەنجى	
ئالىم ئەھەت	



5. بۇ تېكىستتە رەسىمى بېرىلگەن ئۈچ پەن-تەتقىقاتچىدىن بىرىنى ئۆزىڭىزگە ئۈلگە قىلىشىڭىزغا توغرا كەلسە، كىمنى ئۈلگە قىلىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

بىلىۋالاي

ئۇيغۇر يۇمشاق دېتال تەتقىقاتچىلىرىنى ھەمكارلاشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ كومپيۇتېر ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تىل ۋە يېزىقىمىزنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دوكتور ۋارىس ئابدۇكېرىم جانباز ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ھازىرقى دائىمىي ئەزالارنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن، 2004-يىلىنىڭ بېشىدا «ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئىلمى جەمئىيىتى» (UKIJ) توردا قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ياپونىيە، ئامېرىكا، كانادا، گېرمانىيە، فىرانسىيە، فىنلاندىيە ۋە ئاۋستىرالىيەدە تەتقىقات ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

«ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئىلمى جەمئىيىتى» (UKIJ) نىڭ ئەزالىرى Windows، Office 365، Unicode CLDR، Linux ۋە WordPress قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىگە قاتناشقان. باشقا ساھەلەردىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە تۆھپە قوشقان.

بىزگە كومپيۇتېردا مەشغۇلات قىلىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان فونتلارنى، مۇشۇ جەمئىيەت ئۆزىنىڭ تور بېتىدە ھەقسىز تەمىنلەپ بەردى. بۇ تەشكىلات 2023-يىلى 8-ئايدا فىرانسىيەدە قانۇنىي تىزىمغا ئالدۇرۇلدى.

15-دەرس

كۆكلەك رەڭگىدىكى ئىلمىلىك

ئۆمەرجان مۇھەممەت

(ھېكايە)



يازلىق تەتىلنىڭ بىر كۈنى، دادام كۆكلەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن، مېنىمۇ بىللە ماگىزىنغا ئېلىپ باردى. مەن ماگىزىنغا كىرىپ، كۆكلەكلەرگە سەپسالسام، تەكچىدە تولىسى ئاق رەڭلىك ئىكەن. ئەجەبلىنىپ دادامدىن: «نېمىشقا كۆك ۋە قارا رەڭلىك كۆكلەكلەر ئاز، ئاق ۋە ئاقۇش رەڭلىك كۆكلەكلەر كۆپ بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم. دادام: «ئاق ۋە ئاققا مايىل رەڭلەرنىڭ باشقا رەڭلەرگە نىسبەتەن ئىسسىقلىقنى قوبۇل قىلىشى ئاجىز بولىدۇ، شۇڭا ئۇچاڭغا كىيسەڭ سالقىنراق تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي قالدىم.

بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتە، مەن بىر تېرمومېتىر ۋە ئوخشاشمىغان رەڭلەردىكى تۆت پارچە كىچىك لاتا تېپىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن ئاق لاتىنى تېرمومېتىرنىڭ تۆۋەندىكى يېرىمىغا ئوراپ، كۈن نۇرىغا بەش مىنۇت قاقلاپ، تېرمومېتىر كۆرسەتكەن گرادۇسنى خاتىرىلىۋالدىم. ئاندىن تېرمومېتىرنى سالقىن جايدا سوۋۇتۇپ، ئەسلىدىكى يىگىرمە سەككىز گرادۇستا ئەكەلدىم. يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە، قالغان ئۈچ خىل رەڭدىكى لاتىنىمۇ ئىلگىرى-كېيىن تېرمومېتىرغا ئوراپ، كۈن نۇرىغا بەش مىنۇت قاقلاپ، ئايرىم-ئايرىم ئۆلچەپ چىقتىم. خاتىرىلەنگەن تېمپېراتۇرا پەرقى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولۇپ چىقتى:

رەخت رەڭگى	كۈن نۇرىغا قاقلانغان ۋاقىت	تېمپېراتۇرا
ئاق	5 مىنۇت	C 34°
ئاقۇش	5 مىنۇت	C° 36
كۆك	5 مىنۇت	C 37°
قارا	5 مىنۇت	C 44°

مانا مۇشۇ تەجرىبە ئارقىلىق، مەن بۇ سىرنى بىلىۋالدىم. شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەر يازدا ئاق ۋە ئاقىقا مايىل رەڭدە، قىشتا بولسا قېنىق رەڭدە كىيىم كىيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن-دە!

كۆنۈكمە



1. تېكىستنى ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە بايان قىلىپ بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەرنى بىر گۇرۇپپىغا يېزىڭلار.

يېڭى سۆزلەر	مەنىسى
تېمپېراتۇرا	
سېكۇنت	
گىرادۇس	
قوڭغۇر	
سائەت	
تېرمومېتىر	
ئاسترونوم	

ۋاقىت	
يۇلتۇز	
مىنۇت	

1-گۇرۇپپا:

2-گۇرۇپپا:

3 -گۇرۇپپا:

4 -گۇرۇپپا:



3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەرتىپ بويىچە تىزىپ، راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1) بوشلۇقتا كۆزىمىز ئالەم بولمايدىغان كۆرگىلى يۇلتۇزلار بىلەن نۇرغۇن بار

2) بىر مەن باياقاشقا يېڭى بولدۇم ئىگە

3) ئارقىلىق ئېرىشكىلى يېڭى بولىدۇ ئىشلەش يەكۈنگە تەجرىبە

4) بازارغا دادام مېنىمۇ باردى ئېلىپ بىللە



4. تېكىستتىكى جەدۋەلدە خاتىرىلەنگەن سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز سۆزۈڭلارغا ئايلاندۇرۇپ، خۇلاسىلەپ يېزىپ چىقىڭلار.

16-دەرس

ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى

جۈپ سۆز

ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇپ ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلۈپ، ئېخمۇ كەڭ مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر جۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

رەت-رەت، تىل-يېزىق، ئېگىز-پەس، چاي-پاي، گاڭ-گۇڭ، ئاندا-ساندا ... .

جۈپ سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

1) بىر سۆز تەكرارلىنىپ كېلىش ئارقىلىق؛

تىت-تىت، رەت-رەت ...

2) مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن بولغان سۆزلەردىن؛

ئۆم-ئىناق، ئەل-يۇرت ...

3) مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە قارشى بولغان سۆزلەردىن؛

چوڭ-كىچىك، ئېگىز-پەس ...

4) ئالدىنقىسى مەنىلىك، كېيىنكىسى مەنىسىز بولغان سۆزلەردىن؛

چاي-پاي، ئۇششاق-چۈششەك ...

5) ئايرىم تۇرغاندا مەنە بىلدۈرمەيدىغان، پەقەت قوشۇلۇپ ئېيتىلغاندىلا مەنە بىلدۈرىدىغان ئىككى سۆزنىڭ ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشىدىن؛

ھەش-پەش، گاڭ-گۇڭ ...

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى سۆزلەر ئىچىدىن ئۆزئارا جۈپ سۆز ياسىغىلى بولىدىغان سۆزلەرنى تېپىپ، جۈپ سۆز ياساڭلار.

پەم، خۇشال، ئوپۇل، پۇتمەس، چاي، تۈگىمەس، پاي، خۇرام، پاراسەت، توپۇل



2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ جۈپ سۆز ئىكەنلىكىنى، جۈپ سۆزلەر ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئەمدى بۇ سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ باقاي.

نان-پان	
بەخت-سائادەت	
قىش-ياز	
مال-ۋاران	
پال-پۇل	
تاراق-تۇرۇق	

مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابلىرىنى تېپىڭلار.



ئۆزى سۇدىن چىقىدۇ،
سۇغا سالسا ئېرىيدۇ،
تەمى شۇنچىلىك كۈچلۈك،
ئاشقا لەززەت بېرىدۇ.

جاۋابى: [illegible]

بىر يېرى قۇش،
بىر يېرى چاشقان.
تونىدە ئويناپ،
كۈندۈزدىن قاچقان.

جاۋابى: [illegible]

2. سىلەر كىشىلەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلىسىلەر؟

3. تۆۋەندىكى ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بار؟













4. كومپيۇتېردا ئۇيغۇرچە خەتنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى، قايسى كونۇپكىنى باسسا قايسى ھەرپنىڭ چىقىدىغانلىقىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىڭلار.



5. كۆزەتكەنلىرىڭلار ۋە بايقىغانلىرىڭلار ئاساسىدا، دەپتىرىڭلارغا بىر كونۇپكا تاختىسى سىزىڭلار. ئۈستىگە سانلارنى، ئىشارەتلەرنى ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار.

ئۈلگە





6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مۇۋاپىق شەكىلدە تۇتاشتۇرۇڭلار.

گۈل

يالت-يۇلت

گۈلزارلىق

ئەقىل-پاراسەت


ئىز

ئىزچى

گاڭ-گۇڭ

سەكسەنپۇت

ئىزدىنىش



بەشىنچى بۆلەك

ئەجدادلار مىراسى

دەرسكە تەييارلىق

- بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن بىر دۆلەت قانداق باشقۇرۇلغاندا روناق تاپىدۇ، دېگەن مەسىلىنى ئەدەبىي سەۋىيەدە بىر كىتاب قىلىپ يېزىپ قالدۇرغان. بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟
- سىلەر تونۇيدىغان ئامانىسا ياكى نەفىسە ئىسىملىك خانىم-قىزلار بارمۇ؟

17-دەرس

«قۇتادغۇ بىلىك»تىن پارچە

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(بېيىت)

[ئەسلىسى]

ئۇقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىك كىمدە بولسا بەدۈكلۈك ئالۇر.

ئۇقۇشلۇق ئۇقار ئول بىلىكلىگ بىلىر،
بىلىكلى ئوقۇغلى تىلەككە تەگىر.

ئۇقۇش بولسا ئەركە كۈر ئاسغى ئۆكۈش،
بىلىك بىلسە ئۆترۈ بولۇر ئەر كۆسۈش.

[يەشمىسى]

ئۇقۇش قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

ئۇقۇمۇشلۇق ئۇقار ئۇنى، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئوقۇغانلار تىلەككە يېتۇر.

بىلىشنىڭ كىشىگە كۆپتۇر پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.

كۈنۈكمە



1. شېئىرنىڭ ئەسلىسى ۋە يەشمىسىنى سېلىشتۇرۇڭلار ۋە بايقىغانلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

بايقىغانلىرىم:

2. شېئىردىكى ئۇقۇش (بىلىش) ۋە بىلىم توغرىسىدا ئېيتىلغانلار ئۈستىدە ئويلىنىڭلار ۋە ئويلىغانلىرىڭلارنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. بىلىم ۋە ئەقىل ھاياتىمىزدا قانداق روللارنى ئوينايدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ يېزىپ بېقىڭلار.

1)


2)

3)

4. شېئىرغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	بۈرۈنقى شەكلى	مەنىسى
قايدا		
ئۇقۇش		
ئەزىز		
بىلىم		
بۈيۈكلۈك		

بىلىۋالاي



يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ئالىم، شائىر ۋە مەشھۇر دۆلەت ئەربابى. ئۇ 11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قاراخانىيلار پايتەختلىرىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن شەھرىدە تۇغۇلغان، قەشقەردە ياشاپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى دۆلەت باشقۇرۇش ئەنئەنىمىزنىڭ ئېسىل قوللانمىسى،

شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە باي، تەرەققىي قىلغان تىل ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە.



5. «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە ماتېرىيال توپلاپ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك بىر پارچە تېكىست يېزىڭلار.

6. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر سۆزلىرىنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

- بىلىم بىل، ئەقىل ئۆگەن، بىكار يۈرمىگىن. گېزى كەلگەندە، ئۇ ساڭا ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ.
- ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى ئىزدىمە، خەلقنىڭ پايدىسىنى ئىزدە. سېنىڭ پايداڭ خەلق پايدىسى ئىچىدە بولىدۇ.
- يامان بىلەن دوست بولما، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت. يامان دوست سېنى يولدىن ئازدۇرىدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن مىڭ سوملۇق پۇل (قىرغىزستان)

18-دەرس

شېئىرغا ھەۋەس

ياسىنجان سادىق چوغلان

(ھېكايە)



مىرزا مەھمۇد ئەپەندى، قىزى ئامانىنسانى مەكتەپكە بەردى. يېڭى مۇھىت ـــ مەكتەپ ۋە مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ئامانىنسانى تېزلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

ئامانىنسا دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل ئاڭلىدى. تاپشۇرۇقلىرىنى ھەر دائىم ۋاقتىدا ئىشلەپ ماڭدى. شۇڭا ئۇنىڭ يېشى ساۋاقداشلىرىدىن كىچىك بولسىمۇ، دەرسنى چۈشىنىشتە قىينالمىدى. ماتېماتىكا، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى قاتارلىق دەرسلەردىمۇ ساۋاقداشلىرىغا يېتىشىۋالدى.

ئامانىنسا، مەكتەپتە ئۆتۈلىۋاتقان ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئىچىدە شېئىرىيەت بىلەن مۇزىكا دەرسىگە ئالاھىدە قىزىقاتتى. ئۇستازى يادلاشنى ۋەزىپە قىلىپ بەرگەن شېئىرلاردىن باشقا، يەنە بىر مۇنچە شېئىرلارنى يادلىۋالاتتى-دە، ساۋاقداشلىرىغا ئوقۇپ بېرەتتى.

«گۈلىستان»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋە نەۋايى، لۇتفى قاتارلىق داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ چىققان ئامانىنسا، شېئىر يېزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان ھەۋىسى ھېچ توختاپ قالىدىغاندەك قىلمايتتى. ھەتتا بۇ قايناق ھەۋەس، ئۇنى داۋاملىق شېئىر يېزىشقا ئۈندەپ تۇراتتى.

ئۇ دەسلەپتە شېئىرلىرىنى ئاتا-ئانىسىغا كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. ئۇستازى قىدىرخان ئۇنىڭ شېئىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، يېقىندا كاتتا بىر شائىرە بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى.

قىدىرخان ئۇستاز، مىرزا مەھمۇد ئەپەندىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئامانىنساغا «نازۇك، نازاكەتلىك، گۈزەل، جۇلالىق، سىپتا» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «نەفىسە» دېگەن تەخەللۇسنى تاللاپ بەردى.

ئامانىنسا داڭلىق بىر شائىر ۋە مۇقامچى بولۇپ يېتىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرىلىك قىزى بولۇپ قالدى.

كۆنۈكمە



1. تېكستنى ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە بايان قىلىڭلار.

2. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئامانىنسا مەكتەپتە قانداق ئوقۇغۇچى ئىدى؟

2) ئۇنىڭ ئۇستازىنىڭ ئىسمى نېمە؟

3) ئامانىنسانىڭ تەخەللۇسى بولغان «نەفىسە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

4) ئۇيغۇرلار نېمىشقا قىزلىرىغا «ئامانىنسا»، «نەفىسە» دەپ ئىسىم قويىدۇ؟



3. ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا، تېكىستتىن مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەرنى تېپىپ يېزىڭلار.

1) ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان قىزىقىشى ھېچ توختاپ قالىدىغاندەك قىلمايتتى.

2) ئۇستازى قىدىرخان ئۇنىڭ بۈيۈك بىر شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار. بېرىلگەن ئۈلگە جۈملىلەرگە قاراپ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭلار.

ئۈلگە: يېڭى مۇھىت — مەكتەپ ئامانىنسانى تېزلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

جەلپ قىل-:

مەنىسى:

ئۈلگە: بۇ قايناق ھەۋەس ئۇنى داۋاملىق شېئىر يېزىشقا ئۈندەپ تۇراتتى.


ئۈندە-:

مەنىسى:

ئۈلگە: ئۇ دەسلەپتە شېئىرلىرىنى ئاتا-ئانىسىغا كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى.

جۈرئەت قىل-:

مەنىسى:



بىلىۋالاي

ئامانىنساخان (1533- 1567) ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ۋە شائىر. ئۇ ھازىر دولان دەپ ئاتىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى بولغان مەكىتتە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىدىن ساتار چېلىش، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. سەئىدىيە خانىنىڭ شاھزادىسى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، خان ئوردىسىدا قىدىرخان يەركەندى قاتارلىق مۇقامشۇناسلار بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى يىغىپ، رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان. ئۇ «ئىشرەت ئەڭگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان ۋە «دىۋان نەفسە» (نەفسەنىڭ شېئىرلار توپلىمى) ناملىق كىتابنى يازغان.



(ئامانىنساخان مەقبەرىسى)

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

ئەكبەر غۇلام

جاھاندا يوق كۈن

ئەپەندىم بوياقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۆزىنى چاقچاقچى ھېسابلاپ يۈرگەن بىر كىشى ئەپەندىمگە بىر ماتا ئەكېلىپ بېرىپ:

— ئەپەندىم، مۇشۇ ماتانى جاھاندا يوق بىر رەڭ بىلەن بوياپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

— «جاھاندا يوق رەڭ» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— قىزىلمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، كۆكمۇ ئەمەس، سېرىقمۇ ئەمەس، يېشىلمۇ ئەمەس، ئاقمۇ ئەمەس، ئەيتاۋۇر، جاھاندا يوق رەڭ،— دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— بوپتۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — دېگىنىڭىز بويىچە بوياپ بېرەي.

— قاچان ئالىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— جاھاندا يوق بىر كۈنى، يەنى شەنبىمۇ، يەكشەنبىمۇ، دۈشەنبىمۇ، سەيشەنبىمۇ، چارشەنبىمۇ، پەيشەنبىمۇ، جۈمەمۇ ئەمەس بىر كۈنى كېلىڭ،— دەپتۇ ئەپەندىم.



ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى

ئەپەندىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى كېلىپ:

— ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچ كەلدىم، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنى بىلەلمەي قالدىم، بىر مەسلىھەت بېرىڭە، — دەپتۇ.

— بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقىڭىز بولسا، ئۇلگۈچە ئېسىڭىزدە ساقلاڭ؛ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭىز بولسا، ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

ساتىراش



پادىشاھنىڭ ئوغلى دادىسىنى ماختاپ:

— مېنىڭ دادام پادىشاھ، جىمى ئادەم ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ، — دەپتۇ.

— بەللى، سېنىڭ داداڭدىن تارتىپ، جىمى جاھان ئەھلى مېنىڭ دادامنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ. دادام ھەممىسىنىڭ بېشىنى ئەگدۈرىدۇ، ھېچكىم ياق دېيەلمەيدۇ. ئۆتكەندە سېنىڭ داداڭ مېنىڭ دادامنىڭ ئالدىدا غىڭ-پىڭ قىلماي بېشىنى ئەگدىغۇ! — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

شاھزادەنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمە؟ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. سېنىڭ داداڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟— دەپ سوراپتۇ.

— ساتىراش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

كۆنۈكمە



1. بۇ لەتىپىلەرنى ئۆز چۈشەنچەڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار. سىلەر يەنە قانداق لەتىپىلەرنى بىلىسىلەر؟ ئېيتىپ بېرىڭلار.

2. بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ، سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

گۆدەك (   )   چېچەن (   )

(   )   (   )

(   )   (   )

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەرتىپ بويىچە تىزىپ، راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1) قىلغان   ئۆلگۈچە   ساقلاڭ   باشقىلار   ياخشىلىقنى   ئېسىڭىزدە

2) ئۇنىڭغا   ياق   ھېچكىم   دېيەلمەيدۇ

3) ئۆزىنى   ھېسابلايدۇ   دەپ   ياخشى   ئۇ

4. جەدۋەلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	پەرىزىم	لۇغەتتىكى مەنىسى
جاھان		
داڭقى		
دۇچ كەل-		
دەررۇ		
گۆدەك		
مەسلىھەت		



5. تۇرمۇشۇڭىزدا يۈز بەرگەن ۋە سىزنى كۈلدۈرگەن قىزىق بىر ۋەقەنى يېزىپ كېلىڭ.

6. تۆۋەندىكى رەسىم ھەققىدە سۆھبەتلىشىڭلار.



20-دەرس

ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

بىرىككەن سۆزلەر

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە (پۈتۈن) بولۇپ كەتكەن سۆزلەرنى بىرىككەن سۆز دەيمىز. بىرىككەن سۆزلەر قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ.
مەسىلەن:

ئاش + قازان = ئاشقازان؛ بەل + باغ = بەلباغ؛ قىزىل + گۈل = قىزىلگۈل؛ ئاق + ساقال = ئاقساقال؛ تۆگە + قۇش = تۆگىقۇش؛ ئاچچىق + سۇ = ئاچچىقسۇ؛ تاش + پاقا = تاشپاقا؛ سۆيۈق + ئاش = سۆيۈقئاش، سەكسەن + پۇت = سەكسەنپۇت؛ قول + يازما= قولىيازما

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەر ئىچىدىكى بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

قولچىراغ ئۇنئالغۇ كۆزقاراش تۇك يەرشارى خەرىتە قىزىلگۈل
قارىمۇچ تىرىشچان بۇلاقبېشى ئاشكۆكى ئىشخانا ئۈچۈر كۆچلۈك

2. بىرىككەن سۆزدىن بەشنى يېزىپ كېلىڭلار.

مەشىق باغچىسى

بايقىغانلىرىم



1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ، بېرىلگەن رەڭلەرنىڭ ئېنىق ھالىتىنى ۋە بۇ رەڭگە مايىل ياكى يېقىن رەڭلەرنى قانداق ئىپادىلەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

سېرىق – ساپسېرىق، ساغۇچ، ئاچ سېرىق


قىزىل – قىپقىزىل، قىزغۇچ، سۇس قىزىل

يېشىل – ياپيېشىل، ئاچ يېشىل، مايسا رەڭ

كۆك – كۆپكۆك، كۆكۈچ، زەڭگەر

ئاق – ئاپئاق، ئاقۇش، ئاقۇمتۇل

قارا – قاپقارا، قارامتۇل



خاتالىقنى تۈزىتەيلى

«ر، ل» تاۋۇشلىرى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. تىلىمىزنى قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ۋە ئەدەبىي تىل سەۋىيەسىدە ئىستېمال قىلىش، ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

ئېغىز تىلىدا		ئەدەبىي تىلدا	
▪ باللا	☒	▪ باللار	☑
▪ دېھقانلا	☒	▪ دېھقانلار	☑
▪ كەگەن	☒	▪ كەلگەن	☑
▪ باغان	☒	▪ بارغان	☑
▪ ئاغان	☒	▪ ئالغان	☑

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ توغرا شەكلىنى چەمبەرگە ئېلىپ ئىشارەتلەڭلار.

كېلىڭلا مالىم مۇئەللىم ئوقۇڭلار ياغان يالغان

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىپادىلىگەن مەزمۇنغا قارىتا تۇتاشتۇرۇڭلار.

بۇ ئىش ئۇنى ئەنسىرەتتى.	ھېس-تۇيغۇ
ئۆگىنىشنىڭ چېكى بولماس.	ئوي-پىكىر
سىز خاتىرە يېزىپ باقتىڭىزمۇ؟	ئارزۇ-ئىستەك
يۈر، كېتەيلى!	سوئال



3. تىرناق ئىچىگە تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مەنىداش سۆزلەرنى تولدۇرۇڭلار.

ئىزنا	( )	دېرەك بېرىش	( )
خاراب	( )	جەزىملەشتۈرۈش	( )
مەخپىي	( )	غەلىتە	( )
بىر ھازا	( )	ئۇلۇغ	( )



4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە، ئۈلگە جۈملىگە ئاساسەن جۈملە تۈزۈڭلار.

1) ئۈلگە: مانا بۇ سۇ مەخلۇقى گاھىدا كۆرۈنۈپ، گاھىدا غايىب بولىدىغان جاي.

جۈملە: .... گاھىدا .... گاھىدا ....

2) ئۈلگە: ھەممە يەر شۇ قەدەر مەيىنەت، شۇ قەدەر قالايمىقانكى، دەسسىگۈدەك يەر تاپقىلى بولمايدۇ.

.... شۇ قەدەر ....، شۇ قەدەر ....



5. مەن تاپالايمەن.

بىر كىتابىم بار،
ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش بەت.
كۈندە ئوقۇيمەن،
ئارانلا بىر بەت.
ئۈستىلىڭدە بار،
تاپالمىساڭ سەت.

بىر چاشقان بار جېنى يوق،
لېكىن ئۆيىنى باقىدۇ.
قايتىپ كېلىپ ئىگىسى،
تۆمۈر قوزۇق قاقىدۇ.




6. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

ئاتا-ئانىڭىزنىڭ بوۋا-موموسىنىڭ ئىسمىنى، نېمە ئىش قىلغانلىقىنى، قاچان قەيەردە تۇغۇلۇپ، قاچان قەيەردە ۋاپات بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟

يۇقىرىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىش مەشىقى

7. ئاتا-ئانىڭىز بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئالبوملارنى كۆرۈش، ئۆيدە بار بولغان ئاسارە-ئەتىقىلەرنى كۆزىتىش ۋە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلاش ئارقىلىق مۇمكىن بولسا، ئائىلىڭىزدىكى چوڭلار ھەققىدىكى تونۇشىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇڭ. ئاندىن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ.



مېنىڭ ئىسىم-فامىلەم:
دادامنىڭ ئىسىم-فامىلىسى:
ئانامنىڭ ئىسىم-فامىلىسى:
داداسىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى:
ئانىسىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى:



8. تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئۈچتىن مىسال يېزىڭلار.

1. تۈپ سۆز
2. ياسالما سۆز
3. بىرىككەن سۆز
4. جۈپ سۆز

ئالتىنچى بۆلەك

تارىخ ۋە بىز

دەرسكە تەييارلىق

- ھازىرغىچە قايسى تارىخىي شەخسلەرنى ئۆگەندىڭلار؟
- سىلەرنىڭ جەمەتىڭلاردا تارىخىي (داڭلىق) شەخسلەر بارمۇ؟

21-دەرس

رىزۋانگۈل

قادىر ھەسەنوف

(شېئىر)

ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل دۈشمەنگە قارشى جەڭ مەيدانىدا ۋەتەن ئۈچۈن جان بەردى ... (گېزىت خەۋىرى)

خەۋەر كەلدى گويا بىر،
سولدى دېگەن قىزىلگۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا،
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل!

ئەل داڭقىنى ياد قىلىپ،
دۈشمەنلەرنى ئېتىپ كۈل،
بەل باغلىغان جەڭلەردە،
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل!

ئۇنتۇلسۇنمۇ؟ ... ھېچ قاچان،
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل!
ئۇ بىر تۇزىماي ئېچىلىپ،
تۇرغان ئەسلى قىزىلگۈل.



كۆنۈكمە



1. شېئىرنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) رىزۋانگۈل كىم؟

2) نېمىشقا رىزۋانگۈلگە ئاتاپ شېئىر يېزىلىدۇ؟

3) شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، رىزۋانگۈلنى بىر سۆز بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى قايسى سۆزنى تاللايسىز؟

تىرىشچان   گۈزەل   ۋەتەنپەرۋەر

3. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

كۇپلېت	چۈشەنگەنلىرىم	خۇلاسەم
1		
2		
3		

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەتتىكى مەنىسى	جۈملەم
تورزۇ-		
بەل باغلا-		
پىدا		
سول-		
ياد قىل-		
كۆرەش		
ئۆيۈشتۈر-		
ئۆلگە		
ئىمكانىيەت		
باتۇرانە		

بىلىۋالاي

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك قىزى، مىللىي قەھرىمان، شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل 1925-يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى چىلەك يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1932-يىلى ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 1933-يىلىدىن 1940-يىلىغىچە غۇلجىدىكى «شەرق» مەكتىپى ۋە «ئۈمىد» مەكتىپىدە ئوقۇغان. مەكتەپتە ئوقۇشى ناھايىتى ياخشى، پائالىيەتچان قىز ئىدى. مەكتەپتە تىياتىردىمۇ رول ئالغان. ئۇ 1940-يىلى ئۇرۇمچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك، مىللىي قىزلار مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىي سىنىپىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، پوچتىخانىدا بوغالتىر بولۇپ خىزمەت قىلغان.

1944-يىلى غۇلجىدا باشلانغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي كۆرىشىدە پىداكارلىق كۆرسەتكەن. قىسقا مۇددەت سېستىرالىق كۇرسىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ئوتتۇز قىزنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىدىكى جەڭ مەيدانلىرىدا سېستىرالىق قىلغان.

رىزۋانگۈل 1944-يىلى 10-نويابىردىن كېيىن، غۇلجىدا باشلانغان ھەرەمباغ ئۇرۇشىدا يارىدار ئەسكەرلەرنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1945-يىلى 13-يانۋاردا ھەرەمباغ ئەتراپىدىكى شىددەتلىك جەڭدە، ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا، يارىلانغان ئۈچ جەڭچىنىڭ يارىسىنى ئارقا-ئارقىدىن تېڭىپ، بىخەتەر جايغا ئاپىرىۋېتىپ، ئارقىغا قاراپ خەۋپلىك جايدىكى تۆتىنچى جەڭچىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقاندا دۈشمەن ئاتقان ئەجەللىك ئوق بېشىغا تېگىپ، قەھرىمانلارچە شېھىت بولغان. ئۇ شېھىت بولغاندا، ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدۇ. ئۇنىڭ نامى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن قان تۆككەن مىڭلىغان ئوت يۈرەك ئۇيغۇر-قىزلىرىمىز قاتارىدا تارىخ بېتىگە مەڭگۈلۈك يېزىلدى.



ئايال جەڭچىلەر

مىللى قەھرىمان رىزۋانگۈل باتۇرانە ئىش ئىزلىرى بىلەن ئەينى دەۋر جەڭ مەيدانىدىكى قىز-ئوغۇل جەڭچىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى دەۋرىمىزدىكى قىز-ئوغۇللارنىڭمۇ ئۆگىنىش ئۈلگىسىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا رىزۋانگۈلنىڭ ئالدىنقى سەپكە بارماستىن، شۇ چاغدىكى يۇقىرى بىلىمى بىلەن ئارقا سەپتە تۇرۇپمۇ بۇ ئىنقىلابتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدىكى مىللى غورۇر، ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلالايدىغان، خورلۇق ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى كۆرەش قىلالايدىغان باتۇرانە روھ بۇنىڭغا يول قويمىدى. ئۇ بىر جاسارەتلىك قەھرىمان! ئۇ بىر مەردانە ئۇيغۇر قىزى!

بىر قېتىملىق ئۇنتۇلماس نۇتۇق

شام شېرىپ مۇھەممەتغالى ئوغلى

(خاتىرە)



شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى 1948-يىلى ئەتىيازدا، ئالتايدىكى مىللىي ئارمىيە ۋە خەلقتىن ھال سوراش ئۈچۈن غۇلجىدىن ئالتايغا باردى. ئەخمەتجان قاسىمى ئالتاي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى يىغىندا يېرىم كۈن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئالتاي خەلقىدىن ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى. ئاندىن دۇنيا ۋەزىيىتى، مىللىي ئىنقىلاب ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى، خىتاي دۆلىتىدە داۋاملىشىۋاتقان ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ يۈقىرى پەللىگە يەتكەنلىكى ھەققىدە ئۇزۇن سۆزلەپ، ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى كەڭ خەلققە پايدىلىق تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈردى.

يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قازاقلار ئىدى. نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغان بۇ ئىستېداتلىق رەھبەر، نۇتۇق داۋامىدا قازاق خەلقى خىزىردەك كۆرۈپ ئۇلۇغلايدىغان تالانتلىق شائىر ئابايىنىڭ بىر شېئىرىنى مىسالغا ئالدى. قازاقلارغا خىتاب قىلغاندا، ئابايىنىڭ شېئىرىنى ئوقۇشى، خۇددى شېپالىق دورا بەرگەندەك بولدى. ئۇ خەلقنى ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىققا چاقىرغاندا، قىزغىن، سەممىي ۋە تەسىرلىك سۆزلىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى قىمىرلىماستىن، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى يېرىم كۈن نۇتۇق سۆزلەش داۋامىدا قەغەزگە قارىماي سۆزلىدى، باشقا مىللەت

تىلىدىكى سۆز-ئاتالغۇلارنى ئارىلاشتۇرماي، ساپ قازاق تىلىدا سۆزلىدى. ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار «پاھ! رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى نېمىدېگەن دانا، زېرەك، تەپەككۇرى چوڭقۇر، ئوي-پىكرى قايىل قىلارلىق — ھە!» دېيىشىپ ھەيران بولۇشتۇق.

يىغىن ئاخىرىدا، رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، مىللىي ئارمىيەنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن كوماندىر-جەڭچىلىرىگە ئوردېن ياكى مېدال تەقدىم قىلدى. مېنىڭ مەيدەمگىمۇ 2- دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنىنى مۇبارەك قولى بىلەن تاقاپ قويدى. بۇ كۈن ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلماس بىر خاتىرە كۈن بولۇپ قالدى.

كۆنۈكمە



1. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئەخمەتجان قاسىمى ئالتايغا قاچان ۋە نېمىشقا باردى؟

2) خەلق ئەخمەتجان قاسىمنىڭ قايسى ئىشىغا ھەيران بولدى؟

3) يىغىن ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى كىملەرگە ئوردېن ياكى مېدال تەقدىم قىلدى؟

4) سىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەئىسى بولسىڭىز، كىملەرگە ئوردېن ياكى مېدال تەقدىم قىلاتتىڭىز؟ نېمە ئۈچۈن؟



2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

ئابزاس	چۈشەنگەنلىرىم	خۇلاسەم
1		
2		
3		
4		



3. جەدۋەلدە بېرىلگەن بىرىكمىلەردىن پايدىلىنىپ، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

مەن بول-	ئوقۇپ بول-	ھەيران بول-

1) مەن بۇ كىتابنى .... غاندىن كېيىن چۈشەنچىلىرىمنى سۆزلەپ بېرىمەن.

2) خەلق ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قازاقچىنى راۋان سۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈپ .... دى.


3) يەكشەنبە كۈنلىرى ئىدىقۇت ئاكام كومپيۇتېردا رەسىم لايىھەلەيدۇ، رەئىسە ئاچام دۇتار كۈرسىغا بارىدۇ، .... سام «ئەخمەتجان قاسىمى مەكتىپى»گە بېرىپ ئۇيغۇر تارىخى دەرسىگە قاتنىشىمەن.



4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىڭلار ۋە بۇ سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەتتىكى مەنىسى	جۈملە
ۋىلايەت		
ھۆكۈمەت		
ئىنقىلاب		
رەئىس		
ئامىۋى		
نۇتۇق		
ئوقۇغۇشلۇق		
پارتىيە		
دانا		
ئىستىقلالىيەت		

23-دەرس



مىڭئۆي

ئارمىيە ئېلى سايرامى (نىمشېھت)

(شېئىر)

ئۇلۇغ ۋەتىنىم سىرلىق مۆجىزات،
تەڭرىتاغ قوينىدىن ئاقىدۇ مۇزات.

مۇزات دەرياسى سۈيى بىپايان،
قىش-ياز توختىماي ئۆركەشلەپ ھامان.

باي ناھىيە قىزىلغا يېقىن،
چۆل تاغنى كېسىپ ئۆتەر بۇ ئېقىن.

ئۇشبۇ دەريانىڭ ئۆتەر يېرىدە،
مىڭئۆي قېزىلغان ئۆتكەن دەۋردە.

ئۇشبۇ ئېقىندىن باشلىنار مىڭئۆي،
ھەر ئۆيگە كىرسەڭ باشقىچە بىر كۆي.

ئۆيىنىڭ تامامى تاشتىن ئويۇلغان،
ئوتتۇرىغا بىردىن تەخت قويۇلغان.

لاي ۋە خىش پەقەت ئىشلىتىلمىگەن،
ئۈستىگە ياغاچ چىشلىتىلمىگەن.

يېپەك گىلەمگە ئېھتىياجى يوق،
ئالتۇن ھەيكەلسىز ئۆيىنىڭ كۆڭلى توق.

شۇڭا قىلدۇ دائىم نىمشېھىت،
قايتا-قايتىلاپ كۆرۈشنى ئۈمىد.

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) قىزىل مىڭئۆي قەيەردە؟
2) مىڭئۆي نىمىدىن ياسالغان؟
3) شائىر نىمىشقا مىڭئۆينى قايتا-قايتىلاپ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ؟
4) سىز بۇ قىزىل مىڭ ئۆينىڭ نىمىسىگە قىزىقتىڭىز؟



2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	پەرىزىم	لۇغەتتىكى مەنىسى
مۆجىزات		
بىپايان		
ئۆركەشلەپ		
ئۇشبۇ		
بۇددىزىم		
غار		

يالداما		
ئەندىزە		
ئۆڭكۈر		

3. شېئىرنىڭ 1-، 5-، 9- كۇپلېتلىرىنى نەسر (جۈملە) شەكلىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

بىلىۋالاي

قىزىل مىڭئۆي توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەندۈرۈش

قىزىل مىڭئۆي — دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددىزىم غارلىرىنىڭ نەمۇنىسى، باي ناھىيىسى قىزىل يېزىسىنىڭ توققۇز كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا، مۇزات دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى تىك يار ئۈستىگە جايلاشقان.

غارلار شەرقتىن غەربكە ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بولۇپ، جىلغىنىڭ غەربى، جىلغا ئىچى، جىلغىنىڭ شەرقى ۋە تاغ كەينىدىن ئىبارەت تۆت رايونغا ئايرىلىدۇ.

قىزىل مىڭئۆينى ياساش تەخمىنەن مىلادىيە 3-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلىنىپ، 8 ~ 9 -ئەسىرلەردە توختىغان بولۇپ، ئۇ ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ بالدۇر قېزىلغان چوڭ تىپتىكى غارلار توپى ھېسابلىنىدۇ. قىزىل مىڭئۆيدىكى مەدەنىيەت يالدامىلىرى بىناكارلىق، ھەيكەللەر ۋە تام رەسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.



ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

سۆز تۈركۈمى

سۆز تۈركۈمى دېگەن نېمە؟

«سۆز تۈركۈمى» سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق جەھەتتىكى تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان ئىسىم، سۈپەت، سان، پېئىل قاتارلىقلار سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق تۈرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن سۆز تۈركۈمىدۇر.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەل بويىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

سۆز تۈركۈملىرىنىڭ نامى			مىساللار
مۇستەقىل سۆزلەر		پېئىل	ياز-، ماڭ-، كۈل-، ئوقۇ-، كۆكەر-، ئوينا- …
	تۇرغۇن سۆزلەر	ئىسىم	تاغ، سۇ، ئانا، نان، ئىنسان، كۈلكە، ھايات …
		سۈپەت	قىزىل، ئېگىز، يۇمىلاق، سۇنئىي، چىرايلىق …
		سان	بەش، ئون بىر، ئىككىنچى، بەشچە، ئۈچتىن بىر …
		مىقدار	يۈتۈم، سېلىم، كىلومېتىر، تۇپ، چارەك، نەپەر …
		رەۋىش	بۈگۈن، ئۆگۈنلۈككە، دەرھال، ناھايىتى، قەستەن …
		ئالماش	مەن، بىز، نېمە، قانداق، قانچە، ئۆزۈم، ئاللىكىم …
		تەقلىد سۆز	ۋاراڭ-چۇرۇڭ، پال-پۇل، لوق-لوق، شىر-شىر …
ياردەمچى سۆزلەر		باغلىغۇچى	ۋە، بىلەن، ھەم، ھەمدە، چۈنكى، لېكىن …
		تىركەلمە	ئۈچۈن، توغرۇلۇق، ئارقىلىق، ئائىت، قارىغاندا …
		يۈكلىمە	-مۇ، -چۇ،-غۇ، ئېھتىمال،-لا، جۇمۇ …

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈملىرىنى ئايرىپ بېقىڭلار.

ئالتۇن، ئەتە، بىرىنچى، سەھەر، يىغلا-، ئۇلار، تال، قەلەم، ۋاڭ، سەت، ئورۇق، ئوتتۇز سەككىز، تۇساتتىن، تاراققىدە، كىم، سۆيۈر-، تاغ، توقۇ، كۆركەم، ئىنتايىن

ئىسىم :

سۈپەت:

سان :

مىقدار :

رەۋىش :

ئالماش:



2. تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار.

«سەككىز دوست» نىڭ سۆھبىتى

ئابلىكىم روزى

ئايدىڭ كېچە «سەككىز دوست»،
كەلدى يىشىل باراڭغا.
سىنچاي ئىچىپ، ئۈزۈم يەپ،
چۈشتى قىزغىن پاراڭغا.

بىرسى دېدى: «كىشىلەر،
مېنى ‹ئىسىم — ئات› دەيدۇ.
ئۇنىڭ خىزمەت – ئىشىدىن،
بىز دائىما شاد، دەيدۇ.

ئادەم، نەرسە، ۋەقە ... نىڭ
بىلدۈرىمەن نامىنى.
بىلدۈرىمەن ئۇلارنىڭ،
ئۇنۋانىنى — شانىنى.

كىم؟ نېمە؟ سوئاللىغا،
جاۋاب بولۇپ كېلىمەن.
خىزمىتىمنى ھەر قاچان،
شەرەپلىك دەپ بىلىمەن. ...»

ئىككىنچىسى دەس تۇرۇپ،
دېدى: «گۈزەل ‹سۈپەت› مەن.
ئادەملەرگە، نەرسىگە،
يارىشىملىق زىننەتمەن.

بىلدۈرىمەن ئۇلارنىڭ،
رەڭگى، تۈرى، تەمىنى.
بىلدۈرىمەن ھەجمى ھەم —
مىجەز-خۇلقى، پەمىنى ...

قانداق، دەپلا سوراۋەر،
جاۋاب بېرىش مېنىڭدىن.
ئېسىل ئەخلاق-ياخشى نام،
ھېچ كەتمىسۇن يېنىڭدىن ...»

ئۈچىنچىسى سۆز ئېلىپ،
دېدى: «‹سان› دەپ نامىم بار.
ھېساب-كىتاب ئىشىدا،
ماغدۇرۇم بار-جانىم بار.

ئادەم بىلەن نەرسىنىڭ،
بىلدۈرىمەن سانىنى.
ئىپادىلەپ بېرىمەن،
تەرتىپىنى، خانىنى ...

سورا قانچە؟ نەچچە؟ دەپ،
ئۇ ماڭا بەك خاس سوئال.
قانچىنچى ۋە نەچچىنچى؟
دېگەنلەرمۇ ماس سوئال ...»

تۆتىنچىسى خۇش كۈلۈپ،
دېدى: «شۇنداق ‹ئالماش› مەن.
ئىسىم، سۈپەت، سان بىلەن،
جۈملىلەردە تەڭداش مەن.

ئاشۇلارنىڭ ئورنىغا،
ئالمىشىپ كېلەلەيمەن.
ئۇلار بىلەن ئوخشاشلا،
مول مەزمۇن بېرەلەيمەن ...»

ئىسمىمدۇر «پېئىل» دېدى،
بەشىنچىسى سۆز باشلاپ.
(ئۆزى شۇنچە ھەرىكەتچان،
ھەر تەرەپكە كۆز تاشلاپ):

«ئىش ھەرىكەتنى بىلدۈرمەك،
مېنىڭ مۇھىم خىزمىتىم.
بولمىغاندا ھەرىكەتلەر،
ئاشماس ئىدى ھۆرمىتىم.

نېمە قىلدى؟ نېمە بولدى؟
سوئالنى قوي ماڭا.
ئاڭا جاۋاب بەرگەندە،
بولۇر گويا توي ماڭا ...»

ئالتىنچىسى دېدىكى:
«‹ياردەمچى سۆز› دېگەن مەن.
جۈملىلەرنى باغلاشنىڭ،
زەنجىرىمەن، بەلەنمەن.

مەن بولغاچقا دوستلىشار،
ئاددىي جۈملە-بۆلەكلەر.
تولۇق مەزمۇن بېغىدا،
ئېچىلىدۇ چېچەكلەر ...»

يەتتىنچىسى زوق بىلەن،
دېدى: «ئېتىم ‹رەۋىش›تۇر.
ۋەزىپەم: ئىش-ھەرىكەتنى،
چوڭقۇر بايان قىلىشتۇر.

ئىش-ھەرىكەتلەر يۈز بەرگەن،
قاچان؟ قانداق؟ قەيەردە؟
ئاڭا جاۋاب بېرىمەن،
سورىساڭلار ئەگەردە.

مەن يۈرىمەن دائىما،
‹پېئىل› بىلەن باغلىنىپ.
شادلىقىمدۇر: جۈملىلەر،
كۈلۈپ كەتسە جانلىنىپ ...»

ئاخىردا بىرەيلەن،
دېدى خۇشال: «‹ئىملىق› مەن.
ئۆزۈم كىچىك بولساممۇ،
تەرپىكە باي، ئىللىقمەن ...

لېكىن بىزنى بەزىلەر،
ئۆگەنمىدى پۇختىراق.
ئىشلەتكەندە شۇڭلاشقا،
بولۇپ قالدۇق چولتىراق.

ھېس – تۇيغۇلار جۈملىدە،
پەيدا بولۇر مەن بىلەن.
دەيدۇ شۇڭا جۈملىلەر:
كۆركەم بولدۇق سەن بىلەن.»

گۈزەل ئانا تىلىمىز،
مەشھۇر تۇرسا ئالەمگە.
ئۇنى پۇختا بىلمەسلىك،
سەت ئەمەسمۇ ئادەمگە؟! ...

ئۇلار تەكشى تىزىلىپ،
دېدى مەغرۇر، جاراڭلىق:
«سەككىزىمىز ئايرىلماي،
يۈكسىلىمىز داۋاملىق.

شۇ سەۋەبتىن جەم بولۇپ،
بايان قىلدۇق پىكرىنى.
ئۆگەنگەنلەر بىزگە چىڭ،
باغلىسكەن مېھرىنى.

سۆز تۈركۈمى ئاتالدۇق،
ئۇيغۇر ئانا تىلىدا.
مەڭگۈ ياشار نامىمىز،
خەلقىمىزنىڭ دىلىدا.

كىمكى مېھىر باغلىسا،
ئالار بىلىم-چۈشەنچە.
قوللىنىشتا بىزنى دەل،
ئاشار غەيرەت – ئىشەنچە ...»



3. شېئىرغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قارىتا سوئال يېزىڭلار.

جۈملە	ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە بەرگەن سوئالىم
قۇتلۇق مەكتەپكە كەتتى.	
ئۇ بەك تىرىشچان بالا.	
ئۇ ئائىلىدىكى بەش بالىنىڭ كەنجىسى.	
قۇتلۇق بۈگۈن «ۋەتىنىم — ئانام» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى	

4. يۇقىرىدىكى جەدۋەلدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەر قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە؟

سۆزلەر	قۇتلۇق	تىرىشچان	بەش	نۇتۇق سۆزلە-
سۆز تۈركۈمى				

5. بۇ دەرستىكى «سۆز تۈركۈمى» ماۋزۇلۇق تېكىست بىلەن ««سەككىز دوست›نىڭ سۆھبىتى» دېگەن تېكىستنى سېلىشتۇرۇڭلار.

سېلىشتۇرىدىغانلىرىم	«سۆز تۈركۈمى» ماۋزۇلۇق تېكىست	««سەككىز دوست›نىڭ سۆھبىتى» ماۋزۇلۇق تېكىست
تۈرى (ژانىرى)		
مەزمۇنى		
ياخشى كۆرگىنىم		
ئاسان چۈشەنگىنىم		
يازغۇچى ياكى شائىر		

مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىڭلار.




سورىساڭلار جېنى يوق،
جېنى باردىن تېز ئۇچار.

(ئايروپىلان)

سەمرىسە سەكرىشى كۆپ،
ئورۇقلىسا يېتىشى كۆپ.

(توپ)



2. خاتالىقمنى تۈزىتەيلى

خاتاسى	توغرىسى
ساخلىدى ☒	ساق ـ ساقلىدى ☑
ئۇختى ☒	ئۇق ـ ئۇقتى ☑
چاشتى ☒	چاچ ـ چاچتى ☑
كۆشلۈك ☒	كۆچ ـ كۆچلۈك ☑
ئوللۇق ☒	ئون ـ ئونلۇق ☑
كۆڭگە ☒	كۆن ـ كۆنگە ☑

3. تۆۋەندىكى سۆزلەر جۈملىدىكى قايسى خاتا سۆزنىڭ ئورنىغا كېلىشى كېرەك؟

مەيدانغا ئاقلاپ ئاچما كۆرۈنگەن

1. ئۇلار قوناقلارنى ئاخلاپ بوپتۇ.
2. كۆرۈنگەن تاغ يىراخ ئەمەس.
3. ئوقۇغۇچىلار مەيداڭغا سۇ چاچتى.
4. ئىشىكنى ئاشما.

4. تۆۋەندىكى يېقىن مەنىلىك سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

باشپاناھسىز	دەرھال
زېرەك	دائىم
دۇچ كەل-	ئۇچرا-
زامىن بول-	ئىگە-چاقسىز
ھەمىشە	گۈزەل
دەررۇ	چېچەن
نەپىس	ئۆلۈشكە سەۋەب بول ـ



5. سىز رەئىس بولسىڭىز نېمە ئىشلارنى قىلىسىز؟ ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئېيتىپ بېرىڭ.

يېزىقچىلىق مەشقى

كۈندىلىك خاتىرىنى قانداق يېزىش كېرەك؟

كۈندىلىك خاتىرە بىزنىڭ ھەر كۈنلۈك تۇرمۇشىمىز ھەققىدىكى خاتىرىدۇر. ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا كۈندىلىك خاتىرە ئۈچۈن ئوبدان ماتېرىيال بولالايدۇ. مەسىلەن، بىر كۈن ئىچىدە قىلغان ئىشلار، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار، ئوقۇغان كىتابلار، مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر، ئۆيدە قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۈندىلىك خاتىرىگە يېزىشقا بولىدۇ.

كۈندىلىك خاتىرە يازغاندا، ئاۋۋال خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تاللاش كېرەك. يېزىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ كۆپ بولۇشىغىلا قارىماي، ئۇنىڭ مەزمۇنلۇق بولۇشىغىمۇ قاراش كېرەك. ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋەرمەستىن، بىرەر ئىشنى ياكى ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتلارنى يازسىمۇ بولىدۇ.

كۈندىلىك خاتىرە يازغاندا، يىل، ئاي، كۈن، ھەپتىنىڭ قانچىنچى كۈنى ئىكەنلىكىنى ۋە ھاۋانىڭ قانداقلىقىنى يېزىش، شۇنداقلا سۆز-جۈملىلەرنى راۋان، خەتنى توغرا ۋە ئېنىق يېزىش كېرەك.




6. يۇقىرىدىكى ئۆچۈرلارغا ئاساسەن، جەدۋەلنى تولدۇرۇش ئارقىلىق بىر كۈندىلىك خاتىرە يېزىڭلار.

ماۋزۇ	
چېسلا	
ھاۋارايى	
يېزىشقا تېگىشلىك ئىشلار	
ئاخىرقى سۆزلىرىم	

8. 73-بەتتىكى 5- مەشىقتە دەپتىرىڭلارغا بىر كومپيۇتېر تاختىسى سىزىپ، سوزۇق تاۋۇشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىڭلار. ئەمدى شۇ رەسىمگە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار.

ئۆلگە:

9. تۆۋەندىكى ئىسخېمىنى كۆزىتىڭلار ۋە ئىسخېمىغا ئاساسەن بوشلۇقلارنى تولدۇرۇڭلار.



1. سۆز تۈركۈملىرى چوڭ جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار:

1)

2)

3)

2. مۇستەقىل سۆزلەر ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار:

1)

2)

3. ئىسىم ....
گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

يەتتىنچى بۆلەك

ئەخلاق - پەزىلەت

دەرسكە تەييارلىق

- ئەخلاق-پەزىلەت دېگەندە ئىنسانلارغا نېمىلەر كېلىدۇ؟
- دوستلىرىمىزغا، ساۋاقداشلىرىمىزغا ياردەم قىلىش نېمىشقا ئىنتايىن مۇھىم؟

25-دەرس

قول قايرىشىش

ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار

(ھېكايە)



تۇرسۇن بىلەن قول قايرىشىشتا يېڭىلىپ قالغان ياڭقۇن ساۋاقداشلىرى ئالدىدا بەك خىجىل بولۇپ كەتتى. يەنە كېلىپ، تۇرسۇننىڭ كۆرەڭلەك بىلەن: «ياڭقۇن ئۇكا، غوجاكاڭ بىلەن قول قايرىشىشقا تېخى خېلى ۋاقىت بار. ئاۋۋال ئۆچ ياشلىق ئۇكاڭ بىلەن قول قايرىشىپ كېلە» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھار كەلدى.

— سەن تولا كۆرەڭلەپ كەتمە! قاراپ تۇر، بىر كۈنى سېنى يېڭىۋالمسام «ياڭقۇن» دېگەن ئىسمىمنى ئۆزگەرتىۋېتىمەن!

ياڭقۇن شۇنداق دېگىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ ھەر كۈنى

سەھەر تۇرۇپ چېنىقىشقا باشلىدى. تاتلىق ئۇيقۇدىن كېچىش تەس، چېنىقىش ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتىدىغان بىر ئىش بولسىمۇ، ئۇ چىشىنى چىشلەپ مەشىق قىلىۋەردى. شۇ تەرىقىدە بىر ئاي ئۆتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە خېلى كۈچ كىرىپ قالغاندەك قىلاتتى.

بىر كۈنى، يالقۇن سىنىپتا دەرس تەكرارلاپ ئولتۇرغان تۇرسۇننىڭ ئالدىغا كەلدى — دە:

— ئاغىنە، بىر ئاينىڭ ئالدىدا ساڭا دېگەن ھېلىقى گېپىم ئېسىڭدە باردۇ؟! قېنى، بىر قول قايرىشىپ باقمايمىزمۇ؟ — دېدى.

تۇرسۇن تويۇقسىز ئېيتىلغان بۇ گەپتىن سەل مەڭدەپ قالدى، ئەمما ئۆزىنى تېزلا ئوڭشىۋېلىپ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ۋە ساۋاقداشلارغا:

— ماۋۇ «شاكىچەك» يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، غوجاكىسىدىن يەنە ئەدىپىنى يېگىلى كەپتۇ. ئۆزۈمنى يەنە بىر كۆرسىتىپ قوياي، قېنى، كېلىپ كۆرۈڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. يالقۇن بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەقەتلا يېڭىش ئىشەنچى لاۋۇلداپ تۇراتتى.

بالىلار ئىككىسىنى ئورىۋېلىشتى. يالقۇن تۇرسۇننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا بىر قارىۋەتتى-دە، ئانچە كۈچىمەيلا ئۇنىڭ قولىنى قايرىۋەتتى. سىنىپتا چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، تۇرسۇن يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمەي بىرقانچە قېتىم تۇتۇشتى، ئەمما يەنىلا يېڭىلىپ قالدى. ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا بىردەم ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن قايىل بولغان ھالدا يالقۇننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ:

— بولدىكەنسەن جۇمۇ، دېگىنىڭنى قىلدىڭ! — دېدى.

كۆنۈكمە



1. تېكىستكە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) دەسلەپكى قول قايرىشىشتا يېڭىلىپ قالغان يالقۇن، كېيىن تۇرسۇننى قانداق قىلىپ يېڭىۋالدى؟

2) يالقۇن نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە شۇنچىۋالا ئىشىنىدۇ؟

3) چېنىقىشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

4) قول قايرىشىش ئويۇنىنى بىلەمسىز؟ سىز ئويناپ باققانمۇ؟



2. تۆۋەندىكى سۆز ۋە ئىدىيوملارنىڭ مەنىسىنى يېزىڭلار، ئاندىن جۈملە تۈزۈڭلار.

جۈملە	لۇغەتتىكى مەنىسى	يېڭى سۆزلەر
		كۆرەڭلىك بىلەن
		ھار كەل-
		مەڭدەپ قال-
		لىككىدە
		تەرىقىدە
		پىسەنت قىل-
		ئىشەنچ
		ئوڭايسىزلانغان ھالدا
		ئۈن-تىنسىز
		قايىل بول-
		ئۈيقۇدىن كېچىش
		چىشىنى چىشلە-
		ئۆزىنى ئوڭشىۋال -
		تەن بەر-

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىدىغان جاۋابنى تاللاڭلار.

1) يالقۇن بۆگەپلەرگە پىسەنت قىلمىدى.

ئا) يالقۇن بۆگەپلەرنى ئاڭلىيالمىدى.

ئە) يالقۇن بۆگەپلەرنى مۇھىم دەپ قارىمىدى.

ب) يالقۇن بۆگەپلەرگە كۈلمىدى.

2) ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا بىردەم ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئا) ئۇ بىئارام بولۇپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

ئە) ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر هازا جىمىپ كەتتى.


ب) ئۇ بىرنەرسە دېمەكچى بولدى، لېكىن ۋاز كەچتى.

3) بولىدىكەنسەن جۇمۇ، دېگىنىڭنى قىلىدىڭ!

ئا) يارايسەن! قىلىمەن دېگەننى قىلدىڭ.

ئە) چوڭ بولىسەن، ئارزۇلىرىڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ب) سەن مەۋجۇت بولساڭلا، قىلىمەن دېگىنىڭنى قىلالايسەن.



ۋەقە ياكى هادىسەلەر تىلغا ئېلىنغان تېكىستلەرنى «هېكايە» دەيمىز. هېكايەدە مۇنۇلار بولىدۇ: 1) ۋەقە 2) يەر 3) ۋاقىت 4) كىشىلەر

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

«قول قايرىشىش» ماۋزۇلۇق تېكىست قايسى تۈرگە ئائىت؟	
تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان ۋەقە نېمە؟	
تېكىستتىكى ۋەقە نەدە يۈز بەرگەن؟	
تېكىستتە قايسى كىشىلەر بار؟	
بۇ تېكىستتىن نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟	



نەشپۈت يېيىش

ئابلەت قاسىم قاتارلىقلار

(ھېكايە)

بىر بالا بازارغا بېرىپ، قايتىشىدا بىر سومكا نەشپۈت سېتىۋاپتۇ. ئۇ يول بويى توختىماي نەشپۈت يەپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە، قورسىقى ناھايىتى قاتتىق تولغاپ ئاغرىپتۇ. بالا نەشپۈتنى جىق يەۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ، سومكىسىغا قارىسا، شۇنچە جىق نەشپۈتتىن ئاران ئىككى تال قالغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۆيگە كېلىپ، نەشپۈتنى دادىسىغا: «يەڭ» دەپ بېرىپتۇ. دادا ئوغلىدىن خۇرسەن بولۇپ، نەشپۈتنى قولىغا ئاپتۇ. بالا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ قاراپ تۇرسا، دادىسى بىر تال نەشپۈتنى ئۆزى يەپ، بىرىنى بوۋىسىغا بېرىپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە بالا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى، بوۋا-مومىسى ۋە سىڭلىسى داستىخانغا جەم بولۇپ، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا، بوۋىسى ھېلىقى بىر تال نەشپۈتنى ئەكىلىپ پىچاق بىلەن ئالتە پارچە قىلىپ بۆلۈپ: «قېنى، نەشپۈتكە ئېغىز تېگىڭلار» دەپتۇ. بالا بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ: «بوۋا، ئازغىنا نەرسىنى

ئۆزىڭىز يېسىڭىز بولمامدۇ؟» دەپتۇ. بوۋاي مەنىلىك كۈلۈپ: «تەك يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە سىڭەر. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، شۇڭا بىللە يېيىشىمىز لازىم» دەپتۇ. بالا بوۋىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ ھەرۋاقىت ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويلايدىغان، ياخشى نەرسە بولسا ئۇلارغا قىسىنىدىغان بوپتۇ.

كۆنۈكمە



1. تېكىستكە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) بالا ئۆيىگە قانچە نەشپۈت ئېلىپ كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن؟

2) بوۋاي نەشپۈتنى كىمگە بەردى؟

3) بالا نەشپۈتنى نېمىشقا ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىغا بەرمىدى؟


4) ئەگەر ئۇ بالىنىڭ ئورنىدا سىز بولغان بولسىڭىز، قانداق قىلاتتىڭىز؟



2. ھېكايىنى ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە بايان قىلىپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىسىنى يېزىڭلار، ئاندىن جۈملە تۈزۈڭلار.

يېڭى سۆزلەر	مەنىسى	جۈملە
بازار		
توختىماي		
ئاران		
خۇرسەن بول-		
بوۋا		
جەم بول-		
ئېغىز تەگ-		
ئازغىنا		
تەسىرلەن-		



مۇھىم تارىخىي شەخسلەرگە ئائىت، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، خەلق ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلغان سۆزلەرنى «ئەقلىيە سۆزلەر» دەيمىز.

4. تۆۋەندىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار.

ئىنسان بىلىم بىلەن ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ.

—— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئېغىر يۈكۈڭنى باشقىلارغا ئارتما.

—— مەھمۇد قەشقىرى

بىلىمگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم بولۇر،
تارتىنىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم بولۇر.

—— ئەلىشىر نەۋايى

بىلىمى يوق كىشى جېنى يوق مۇردىغا ئوخشايدۇ.

—— ئابدۇللاھ خاراباتى



5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

بۇ دەرستىكى تېكىستنىڭ ئىسمى	
ژانىرى	
ۋەقە	
يەر	
كىشىلەر	
ۋاقىت	

27-دەرس



ئوقۇتقۇچى

ئابلىكىم روزى

(شېئىر)

ئوقۇتقۇچى دەپ،
ئالغاندا تىلغا.
ھۆرمەت-تەشەككۇر،
تولدۇ دىلغا.

بىز گويا كۆچەت،
سۇ بېرەر بىزگە.
جاپالىق مېھنەت،
سىڭدۈرەر بىزگە.

بىزگە ھەر ئىشتا،
بولدۇ ئۈلگە.
سادىق ھەر قاچان،
ۋەتەنگە-ئەلگە.

شۇڭا ئۇلارنى،
قىلىمىز ھۆرمەت.
چىن قەلبىمىزدىن،
ياغدۇ رەھمەت.

مېھرىبان ئۇلار،
ئاتا-ئانىدەك.
بىزمۇ ئۇلارغا،
ئەزىز بالىدەك.

بەرگەچكە بىلىم،
ئوقۇتقۇچىمىز.
ئاشتى كۆنسېرى،
زېھنى كۆچىمىز.

تەربىيىلەر بىزنى،
ئەخلاقلىق قىلىپ.
ۋەتەن ئىشىغا،
يارامىلىق قىلىپ.

ياخشى ئۆگىنىپ،
باسىمىز ئالغا.
قەدەم تاشلايمىز،
گۈزەل ئىستىقبالغا! ...

كۆنۈكمە



1. شېئىرنى ھېسسىياتلىق ۋە راۋان ئوقۇڭلار.

2. شېئىرغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) شېئىردا ئوقۇتقۇچى كىمگە ياكى نېمىگە ئوخشىتىلغان؟ ئوقۇغۇچىلارچۇ؟

2) نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ؟

3) سىزمۇ ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟ نېمىشقا؟

4) سىز چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسىز؟

3. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	لۇغەتتىكى مەنىسى	جۈملە
تىلغا ئال-		
ھۆرمەت		
مېھرىبان		
ئەزىز		
مېھنەت		
كۈنسېرى		
زېھىن		
ئۈلگە		
سادىق		
يارامىلىق		
ئىقبال		

4. شېئىرنىڭ 1-، 4-، 6-، 8- كۇپلېتلىرىنى نەسر (جۈملە) شەكلىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

5. بوش ئورۇنلارنى مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇڭلار.

ئىقبال　ۋەتەن　ياراملىق　ئانىمىز　پايدىلىق　ھۆرمەت

1) ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى .... قىلىشىمىز كېرەك.
2) ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزگە، .... ۋە خەلققە .... بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.
3) بىز كەلگۈسىدە .... ئەۋلادلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىمىز.
4) بىزنىڭ ئۈنجى ئوقۇتقۇچىمىز .... دۇر.
5) ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە گۈزەل .... ئۈچۈن ياخشى ئوقۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى.



5. ئوقۇتقۇچى ھەققىدە ئۆز ھېس-تۇيغۇڭلارنى ئىپادىلەپ بىر پارچە شېئىر يېزىڭلار.

6. بۇ دەرسنىڭ تېكىستى بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ شېئىرىنى سېلىشتۇرۇپ، تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

	مېنىڭ شېئىرىم	بۇ دەرسنىڭ تېكىستى
شېئىرنىڭ ماۋزۇسى		
شائىرنىڭ ئىسىم-فامىلىسى		
شېئىرنىڭ كۇپلېت سانى		
شېئىردىكى ھېس-تۇيغۇ جۈملىسى		

ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

ئىسىم

ئىسىمنىڭ مەنىسى

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ، ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسىملار «كىم»، «نېمە»، «قاچان»، «قەيەر» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسىملارغا ئادەملەر ئۈچۈن «كىم، كىملەر»، نەرسىلەر ئۈچۈن «نېمە، نېمىلەر»، يەر-جاي ناملىرى ئۈچۈن «قەيەر»، ۋاقىت ئۈچۈن «قاچان» دېگەن سوئاللارنى قويىمىز. مەسىلەن:

– كىم؟ / ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، جەڭچى، ئەخمەت، ئايشەم، ئانا ...

– نېمە؟ / ئات، تۆگە، قوڭغۇز، تاش، سۇ، دەرەخ، بۇغداي، ئۆي، ھويلا، بوران، يامغۇر، جەڭ، سىياسەت، ھۆكۈمەت، ئويۇن، كۈلكە، ھۇجۇم، خۇشاللىق، قەھرىمانلىق ...

– قەيەر؟ / ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئىستانبۇل، ياپونىيە، شىمالىي ياۋروپا، ئاتلانتىك ئوكيان، مەكتەپ، ئۆي ...

– قاچان؟ / بۈگۈن، ئەتە، ھازىر، جۈمە، شەنبە ...

ئىسىمنىڭ تۈرلىرى

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى ياكى شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئومۇمىي ئىسىم ۋە خاس ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئومۇمىي ئىسىم: بىر تىپتىكى شەيئى ئۈچۈن ئورتاق نامنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ئومۇمىي ئىسىم دەيمىز. ئومۇمىي ئىسىملار تىلدىكى ئىسىملارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

تاغ، ئادەم، شەھەر، نەزەرىيە، سىياسەت ...

2) خاس ئىسىم: بىر تىپتىكى شەيئىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان مەخسۇس ناملار خاس ئىسىم دېيىلىدۇ. يەنى، كىشى ئىسىملىرى، يەر-جاي نامىلىرى، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ناملار، دۆلەت، ئورگان، گۇرۇھلارنىڭ نامىلىرى، كىتاب-ژۇرنال نامىلىرى، كىنو-تىياتىرلارنىڭ نامىلىرى قاتارلىقلار خاس ئىسىملارغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

تەڭرىتاغ، ئەخمەت، گۈلشەن، ئۈرۈمچى، ياپونىيە، «تارىم غۇنچىلىرى»، «مۇشۇك بىلەن چاشقان» ...

ئىسمنىڭ بىرلىك شەكلى ۋە كۆپلۈك شەكلى

ئىسىمغا «+لار/+لەر» قوشۇمچىسى قوشۇلمىغاندا، ئىسىملار بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل شەكلىنى «ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى» دەپ ئاتايمىز. «+لار/+لەر» قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا بولسا، ئىككىدىن كۆپ شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق شەكلىنى «ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى» دەيمىز. مەسىلەن:

بىرلىك شەكلى	كۆپلۈك شەكلى
كىتاب	كىتابلار
قەغەز	قەغەزلەر
بالا	بالىلار
شەھەر	شەھەرلەر

كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى پارچىلاردىن ئىسىملارنى تېپىپ چىقىڭلار.

1) بالا بىر كۈنى بازاردىن نەشپۈت ئېلىپ، ئۆيىگە قايتاشىدا نەشپۈتلەرنى يەۋەتتى.

2) بىر كۈنى، ھەسەل ھەرىسىنى تۇتۇپ قەغەز خالتىغا سالدىم. گۈللۈكمىزگە قايتىپ كەلگەن ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ مەن قويۇپ بەرگەن ھەرىلەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاق رەڭ بىلەن بەلگە قويۇپ قويدۇم.

3) خەۋەر كەلدى گويا بىر،
سولدى دېگەن قىزىلگۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا،
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل!

2. ئىسىملار قايسى سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ؟



3. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى قانداق ياسىلىدۇ؟

4. ئومۇمىي ئىسىم ۋە خاس ئىسىملارغا بەشتىن مىسال يېزىڭلار.



1. تۆۋەندىكى ئۆزئارا ماس كېلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىنى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.

كۆككە بوي سوزغان	بايراق
تەرەپ-تەرەپلەرگە تۇتاشقان	كېپىنەكلەر
قاينام-تاشقىنلىققا چۆمگەن	قاتار- قاتار تېرەكلەر
بەس-بەستە سايراۋاتقان	مەھەللە يوللىرى
پىلدىرلاپ ئۇچۇۋاتقان	قۇشلار
كۆكتە لەپىلدەۋاتقان	مەكتەپ



2. تۆۋەندىكى يېقىن مەنىلىك سۆزلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇڭلار.

تىمتاس	تەمتىرىمەك، ھاڭۋېقىپ قال-
پىسەنت قىلماسلىق	نۇر چاچ-، يالتىرا-
مەڭدەپ قال-	رازى بول-، ئېتىراپ قىل-
تەن بەرمەسلىك	قوبۇل قىلماسلىق، قايىل بولماسلىق
ئوڭايسىزلان-	جىمجىت
قايىل بول-	مۇھىم دەپ قارىماسلىق
تۇس	رەڭ، تاشقى كۆرۈنۈش
جىلۋە قىل-	تەڭقىسلىقتا قال-، بىئەپ ھېس قىل-

3. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىڭلار.



بىر بەرگىدە بولىدۇ،
سان-ساناقسىز مېۋىسى.
يېسەڭ شۇنچە لەززەتلىك،
تىلنى يارار شىرنىسى؟

بىر بېشىدا نەيزىسى،
بىر بېشىدا دوپپىسى.
ئىز چۈشۈرسە نەيزىسى،
ئۆچۈرۈپ ماڭار دوپپىسى؟



4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، توغرا بولمىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە توغرىلاپ يېزىڭلار.

1) كۆرۈڭگەن تاغ يىراخ ئەمەس.

2) ئوقۇغۇچىلار مەيداڭغا سۇ چاشتى.

3) ئىشىكنى ئاشما.

4) ئۇلار كۆكتاتلارنى ئاخلاپ بوپتۇ.

5. ئائىلىڭىزدە قانداق ۋەزىپىلىرىڭىز بار، قايسى ئىشلارنى قىلىسىز؟ ئېيتىپ بېرىڭ.

يېزىقچىلىق مەشقى

6. ئانىڭىزنىڭ ئۆيدىكى بىر كۈنلۈك پائالىيىتىنى كۆزىتىڭ ۋە تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭ.

بىر كۈن ئىچىدە ئانام قىلغان ئىشلار	
بىر كۈن ئىچىدە ئانام ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن سۆزلەر	
مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم	
ئانامغا ئېيتىدىغانلىرىم	
ئانامغا ياردەملىشىش ئۈچۈن قىلالايدىغانلىرىم	
چوڭ بولغاندا، ئانام ئۈچۈن قىلىپ بەرمەكچى بولغانلىرىم	



7. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ، بوش ئورۇنغا يېزىڭلار.

شەھەر، تاغ، ئىنسان، كىتاب، مەكتەپ، قەلەم، قەشقەر، تەڭرىتېغى، رىزۋانگۈل، سادىر پالۋان، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكى، مەملىكەتلىك ئەپەندى ئوتتۇرا مەكتىپى، ماي قەلەم

خاس ئىسىم	ئومۇمىي ئىسىم

سەككىزىنچى بۆلەك

مىللىي كىملىك

دەرسكە تەييارلىق

- بىزنىڭ قانداق ھېيت-بايراملىرىمىز بار؟
- ھېيت-بايراملاردا سىزنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغىنى نېمە؟

29-دەرس

ھېيت كۈنى

قادىر ئارسلان

(ھېكايە)

ئېرپان بىلەن مەن ئۇدۇل قوشنا ئىدۇق، يەنە كېلىپ بىر سىنىپتا ئوقۇيتتۇق. مەكتەپكە بىللە باراتتۇق، مەكتەپتىن بىللە قايتاتتۇق، مەھەللىدىكى ئويۇنلاردىمۇ بىللە ئىدۇق. بەزى ئاخشاملىرى تاپشۇرۇقنى ئۇلارنىڭكىدە، بەزى ئاخشاملىرى بىزنىڭكىدە ئىشلەيتتۇق.

بىر ھەر ئاينىڭ ئالدىدا ئاپام بىلەن ئېرپاننىڭ ئاپىسى نېمە توغرۇلۇق تەرگىشىپ قالدىكىنتاڭ، بىر-بىرىنىڭ چىرايىغىمۇ قاراشمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاپام: «ئەمدى ئاۋۇ قوشنىمىزنىڭ بالىسى بىلەن ئارىلاشقۇچى بولما!» دېدى كەسكىنلىك بىلەن. لېكىن، مېنىڭ ئېرپان بىلەن بۇرۇنقىدەك ئۆتكۈم بار ئىدى. شۇ گەپ بولۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىشىمغا، ئېرپان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. قىزىق ئىش، ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا، بىر-بىرىمىزگە گەپمۇ قىلماي، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پەلەمپەيدىن چۈشتۇق. بىنادىن چىققاندىمۇ ئېرپان ئالدىدا، مەن ئارقىدا ماڭدىم. بۇرۇلۇپ قارىسام، ئاپام دېرىزىگە يۈزىنى يېقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

ھويلىدىن چىقىشىمغا، ئېرپان مېڭىشتىن توختىدى ۋە ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ كۈلدى، مەنمۇ كۈلدۈم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بۇرۇنقىدەك قاتارلىشىپ ماڭدۇق. قىزىق ئىكەن بۇ ئانىلىرىمىز، ئۆزلىرى يامان بولۇشۇپ قېلىشسا، بىزنىمۇ يېقىن ئۆتكىلى قويمايدىكەن.



ئىككى ئانىنىڭ قېيىدىشىپ قېلىشى بىزگە بىر مۇنچە قولايسىزلىقلارنى كەلتۈردى. ئەمدى بىز بىللە دەرس تەكرارلىيالمايتتۇق. ھويلىدا ئوينىغاندا، قاچان ئاپىمىز كۆرۈپ قېلىپ چاقىرىۋالىدىكىن، دەپ دەككە-دۈككە بولۇپ كۆڭۈللۈك ئوينىيالمايتتۇق. ئىشقىلىپ، ئىشلىرىمىز بۇرۇنقىغا ئوخشىمايلا قالدى.

شۇ تەرىقىدە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ئانىلىرىمىز ياخشىلىشىپ قالىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇربان ھېيت بولاتتى. بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن چەت ئەلگە كەتكىنىگە يېرىم يىل بولۇپ قالغان دادام بۇ ھېيتتا بىز بىلەن بىللە بولالمايتتى. يا دادام يوق، يا بۇرۇنقى ھېيتلاردىكىدەك ئېرپان بىلەن ئۆزئارا ھېيتلىشالماي، كۆڭلۈم تازا يېرىم بولىدىغان بولدى – دە!

ئىچ پۇشۇقۇمنى ئېرپانغا ئېيتىپ:

— چوڭلار بەك غەلىتە ئىكەن، بىزگە دائىم «ياخشى ئۆتۈڭلار، ئاداۋەت ساقلىماڭلار» دەيدىكەن، ئۆزلىرى بۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىكەن، — دېدىم.

— شۇ ئەمەسمۇ! — دېدى ئېرپان، — ھېيتتا ئىككىمىز ھېيتلىشىۋېرەيلى. كىم بىلىدۇ، شۇ سەۋەب بىلەن ئۇلار ئەپلىشىپ قالامدۇ تېخى!

ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى سائەت ئونلاردا ئىشىك چېكىلدى. ئىشىكنى ئاچسام، ئېرپان ئىكەن. ئۇ ئۈستى داستىخان بىلەن يېپىلغان چوڭ تاۋاقنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈۋالغانىدى. مەن بىر نېمە دېگۈچە، ئاپام چىقىپ قالدى. ئېرپان:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، گۈزەلنۇر ھەدە، قۇربان ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! — دەپ سالام بەرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— سىز ... سىزنىڭكىگىمۇ مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئاپام تەمتىرىگەن ھالدا، — قېنى، ئۆيگە



كىرىك ...

— ئاداش، سىنىڭ ھېيتىڭغىمۇ مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئىرپان ماڭا قاراپ، ئاندىن ئاپامغا بۇرۇلدى، — گۈزەلنۇر ھەدە، ئاپام: «سەمجاننىڭ دادىسى ئۆيدە يوق، گۈزەلنۇرلار قۇربانلىق قىلالمىدى، بۇ بىر سان گۆشنى ئەكىرىپ بەر، بىللە قۇربانلىق قىلغىنىمىز بولسۇن» دەيدۇ. شۇڭا، ئاز بولسىمۇ ...

ئاپامنىڭ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش كەلدى.

— بۇ ... بۇ ... بەك ئاۋارە بوپسىلەر، بۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولاتتىغۇ، — ئاپامنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — دادىڭىز، ئاپىڭىزغا رەھمەت، سىزگىمۇ رەھمەت، جېنىم بالام.

ئاپام تاۋاقنى ئېلىپ ئىتتىك ئۆرۈلۈپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ئىرپاننى مۇرىسىدىن قۇچاقلىغىنىمچە مېھمانخانىغا باشلىدىم ...

چۈشتىن كېيىن، ئىرپان ئىككىلەن پەلەمپەيدىن تەڭ چۈشۈپ، ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئۆيگە ھېيتلىغىلى ماڭدۇق. كەچتە قايتىپ كەلسەك، ئاپام بىلەن ئىرپاننىڭ ئاپىسى دەرۋازا ئالدىدا ئۇچراپ قالدى. ئۇلار قولتۇقلىشىپ دوستلىرىنىڭ ئۆيگە ھېيتلىغىلى مېڭىپتۇ.

كۆنۈكمە

1. تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.

ۋاقىت	
كىشىلەر (پېرسوناژلار)	
ئورۇن	
ۋەقەلىك	
يازغۇچىنىڭ بۇ ھېكايە ئارقىلىق بىزگە دېمەكچى بولغانلىرى	

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنچەڭلار بويىچە يېزىپ بېقىڭلار، كېيىن لۇغەتتىن ئىزدەڭلار.

يېڭى سۆزلەر	پەرىزىم	لۇغەتتىكى مەنىسى
تەرگىشىپ قال-		
چىرايىغا قارىماسلىق		
دوقۇرۇشۇپ قال-		
دەككە-دۈككە بول-		
ئاداۋەت ساقلا-		
قىيىدىشىپ		
كۆڭۈللۈك		
ياخشىلىشىپ قال-		
تەرىقىدە		
كۆڭلى يېرىم بول-		
ئەپلىشىپ قال-		
غىللىدە		



3. بىرلىگەن سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، جۈملە تۈزۈڭلار.

ئۆلگە: يا دادام يوق، يا بۇرۇنقى ھېيتلاردىكىدەك ئىرپان بىلەن ئۆز ئارا ھېيتلىشالماي كۆڭلۈم تازا يېرىم بولىدىغان بولدى ـ دە!

1) .... يا .... يا ....

ئۆلگە: بەزى ئاخشاملىرى تاپشۇرۇقنى ئۈنىڭكىدە، بەزى ئاخشاملىرى بىزنىڭكىدە ئىشلەيتتۇق.


2) .... بەزى .... بەزى ....

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار.

1) ھېيتتا ئىككىمىز ھېيتلىشىشۋېرەيلى كىم بىلىدۇ شۇ سەۋەب بىلەن ئۇلار ئەپلىشىپ قالامدۇ تېخى

2) بىر كۈن ئۆتتۈپتۇ ئىككى كۈن ئۆتتۈپتۇ ئۈچ كۈنمۇ ئۆتتۈپتۇ

3) مەنمۇ بىللە ئوينايچۇ
ماقۇل بىللە ئوينايلى
4) ئاپام بالام ئۆيگە نان ئالغاچ كىر دېدى



ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بار بولغان، ھېيت-ئايەملەردە تېخىمۇ گەۋدىلىنىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئادەتلىرى بار. مەسىلەن: چوڭلارنى يوقلاش؛ ئۆچ-ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىش ...

5. سىلەر يەنە قانداق ياخشى ئادەتلىرىمىزنى بىلىسىلەر؟ ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىلىۋالاي

ئۇيغۇرلارنىڭ بايراملىرى ــــ مىللىي بايراملار ۋە دىنىي بايراملار دەپ ئىككى خىل بايرامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مىللىي بايراملار: نورۇز بايرىمى، 12-نويابىر ــــ جۇمھۇرىيەت بايرىمى، 5-ماي ــــ دوپپا بايرىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دىنىي بايراملار: روزا ھېيت، قۇربان ھېيت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دىنىي بايراملار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، بۇ دىنغا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە بايراملار بارلىققا كەلدى. روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت، شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ بايراملارغا دائىر بىرمۇنچە ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلار شەكىللەندى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي بايرىمىدەكلا تۈس ئالدى.

1) روزا ھېيت : مۇسۇلمانلار ھەر يىلى رامازان ئېيىدا ئوتتۇز كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام. «روزا تۇتۇش» مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەش پەرزنىڭ بىرى. روزا تۇتقان كۈنلەردە روزا تۇتقۇچى تاڭ سەھەردە (تاڭ يورۇماستا) تاماق يەيدۇ. بۇ تاماق «سوھۇرلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. كەچتە ناماز شام ۋاقتىدا «ئىپتار» قىلىنىدۇ. بۇ «ئېغىز ئېچىش» دەپ ئاتىلىدۇ. روزا تۇتقۇچى «سوھۇرلۇق» تىن «ئىپتار»غا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ھېچ نەرسە يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ. بۇنىڭغا رىئايە قىلمىغاندا، روزا بۇزۇلىدۇ، «گۇناھ» بولىدۇ. «سوھۇرلۇق»تا قۇۋۋەتلىك تاماقلار يېيىلىدۇ. «ئىپتار»دا بولسا سۈيۈق-سەلەڭ، سىڭىشلىك تاماقلار يېيىلىدۇ.

روزا تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە، ياشلار ۋە بالىلار ئارىسىدا «رامىزان ئېيتىش» ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇلار ئىپتار ۋاقتىدا مەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ، ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ «رامىزان قوشاقلىرى» ئېيتىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇلارغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى بېرىدۇ. «رامىزان قوشاقلىرى»نىڭ مەزمۇنى كىشىلەرنى روزا

تۇتۇشقا ۋە سەدىقە بېرىشكە دالالەت قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئوتتۇز كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن، ئۈچ كۈن بايرام بولىدۇ. بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەرلەر جامەگە يىغىلىپ، ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. نامازدىن ياندىن كېيىن، تۇپراق بېشىغا چىقىپ قەبرە يوقلاپ، يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. تۇپراق بېشىدىن قايتىپ، كىچىكلەرگە ھېيتلىق بېرىدۇ. باللار ئالدى بىلەن ئاتا-ئانىسىنى يوقلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقانلار، قولۇم-قوشنىلار ۋە دوست-يارەنلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ھېيتلىشىش باشلىنىپ كېتىدۇ.

2) قۇربان ھېيت: ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەڭ چوڭ دىنىي بايرىمى. قۇربان ھېيتمۇ روزا ھېيتقا ئوخشاشلا يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام.

قۇربان ھېيت كۈنىدىمۇ كىشىلەر روزى ھېيت كۈنىدىكىگە ئوخشاشلا يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، ھېيتلىق يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، جامەگە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. نامازدىن كېيىن تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ۋاپات بولغانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ. ئۆيلىرىگە قايتىشىپ قۇربانلىق ئۈچۈن تەييارلىغان ماللىرىنى سويىدۇ، ئاتا-ئانىلىرىنى يوقلايدۇ، كىچىكلەرگە ھېيتلىق بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ.



ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، ھېيتتىن ئىلگىرى ھەممە ئائىلىلەر ئۆي ئىچى، ھويلا-ئاراملىرىنى پاك-پاكىز تازىلاپ، ئاقلاپ، يېڭىلاپ چىقىدۇ ھەم ھېيتلىق يېڭى كىيىم تەييارلايدۇ. ئاياللار ساڭزا سېلىپ، ياغلىق نان-توقاچلارنى يېقىپ، تۈرلۈك تاتلىق-تۈرۈملەرنى پىشۇرىدۇ. ھەر خىل پېچىنە، كەمپۈت، مېۋە-چېۋە دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ، ھېيتقا ئوبدان تەييارلىق قىلىدۇ.

ھېيت كۈنلىرى كىشىلەر ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئۆزئارا ھېيتنى مۇبارەكلىشىدۇ، پەتىلىشىدۇ، ھېيتلاپ كەلگەنلەرنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. بۇرۇن ئارازلىشىپ قالغانلارمۇ ھېيتتا يۈز كۆرۈشكەندە چىرايلىق ھال-ئەھۋال سورىشىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئۇ كۈندىن باشلاپ، بۇرۇنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، قايتا يارىشىپ قالىدۇ.

كانۋا كۆڭلەك

ئىقبال تۇرسۇن

(ھېكايە)

بوۋامدىن يادىكار قالغان ئاشۇ كانۋا كۆڭلەك كونىراپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن ئۇنى تولىمۇ ئەتىۋارلىق ئىدى. بۇ كۆڭلەكنى بوۋام ئوتتۇرچىلىق قىلىپ يۈرگەن 15 ياش چېغىدا ئانىسى ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەرگەن ئىكەن.



بوۋام ئۇنى ھەتتا 1945-يىللاردىكى مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا قاتناشقان يىگىتلىك چاغلىرىدىمۇ يېنىدىن ئايرىماي، پەقەت ھېيت-بايرام كۈنلىرىدە ياكى ئارمىيەنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىلا كىيگەن ئىكەن.

دېمىسىمۇ، ئاق شايى رەختكە يۇقىرى ماھارەت بىلەن كەشتىلەنگەن گۈل ئاجايىپ نەپىس ۋە چىرايلىق ئىدى. كۆڭلەكنىڭ ياقا، يەڭ ۋە ئالدى تەرەپلىرىگە ھەر خىل رەڭلەردىن زىچ ھەم ئىنچىكە كەشتىلەنگەن گۈل نۇسخىلىرىدىن بىر خىل جانلىقلىق ۋە جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇنى پەقەت ھېيت-بايرام كۈنلىرىدە ياكى مەكتەپتە پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەن چاغلاردىلا كىيەتتىم. بەزى ئوقۇغۇچىلار كۆرۈپ ماختىشىپ كەتسە، قىزلار ھەۋەسلىنىپ قارىشىپ قالاتتى. دوستلىرىم بىرەر ئىشى بولۇپ قالسا، كۆڭلەكنى بېرىپ تۇرۇشۇمنى ئۆتۈنەتتى.

بىر يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. يېزىدىكى تاغام، ئوغلى مەسئۇدنى باشلاپ ئۆيىمىزگە كەلدى. كەچتە ئۆيگە كەلسەم، ئۇلار تاماق يەۋاتقان ئىكەن. خوشلىشىش ئالدىدا، ئاپام يېزىدىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭ باللىرىنىڭ كىيىشى ئۈچۈن، مېنىڭ بەزى كىيىم-كېچەكلىرىمنى بەردى. ئاندىن ئۇ يەنە نېمىنىدۇر ئۈنتۇپ قالغاندەك ئىتتىك ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، ئىرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئانچە ھايال بولماي، كانۋا كۆڭلىكىمنى ئېلىپ چىقىپ، مەسئۇدقا كىيگۈزۈپ قويدى. مەن لېۋىمنى چىشلەپ، «ئاپلا!» دەپ قالدىم.

تاغام بالىجانلىق بولۇپ، بىر ئائىلىنىڭ تىرىكچىلىكى ئېتىزغىلا قاراشلىق ئىدى. بىراق، ھەرقانچە بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاپام كانۋا كۆڭلىكىمنى ئۇلارغا بېرىۋەتمەسلىكى كېرەك — تە!

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، دومسىيىپ:

— مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كۆڭلىكىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇنى مەسئۇدقا بېرىۋېتىسىز؟ — دېدىم.

— ئوغلۇم، — دېدى ئاپام ئەستايىدىل قىياپەتتە، — كانۋا كۆڭلەكنى بوۋاڭ ساڭا يادنامە قىلغان، سېنىڭ ھېچنىمىگە تېگىشمەيدىغان نەرسەڭ. بۇنى ئوبدان بىلىمەن. بىراق، ئۇنى مەسئۇدقا بېرىشىم، سەھرادا ئوقۇيدىغان ئاشۇ تۇغقىنىڭنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن. قانداق، قىلغىنىم توغرا بوپتىمۇ؟


مەن ئاپامنىڭ سۆزلىرىدىن نۇرغۇن-نۇرغۇن مەنىلەرنى چۈشىنىۋالدىم ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئامراقلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدىم. ئەمما ئاپامنى ئاگاھلاندۇرۇشنىمۇ ئۇنۇتمىدىم:

— مېنىڭ نەرسىلىرىمنى بىرسىگە بېرىشتىن بۇرۇن، چوقۇم مەندىن رۇخسەت ئېلىڭ!

كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

«كانۋا كۆڭلەك» ئىسىملىك تېكىستكە ئوخشاش نەسرىي ئەسەرلەرنى يازغۇچىلارنى «ئاپتور» دەيمىز. ئەسەرنى ئوقۇغان ياكى ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى «كىتابخان، ئوقۇرمەن» دەيمىز. ھەربىر ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس يېزىلىش مەقسىتى بولىدۇ. ئاپتور ئەسەردە مەلۇم ۋەقەلىكنى ياكى ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق مەقسىتىنى كىتابخانلارغا بىلدۈرىدۇ. بۇنى «ئەسەرنىڭ تېمىسى» ياكى «مەركىزىي ئىدىيەسى» دەيمىز.



2. ئاپتور بۇ ئەسەر ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟ ياكى بۇ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى نېمە؟



3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭلار، ئاندىن لۇغەتكە قاراپ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈڭلار.

يېڭى سۆزلەر	پەرىزىم	لۇغەت مەنىسى
يادىكار		
جۈملەم		
تىرىكچىلىك		
جۈملەم		
بالىلجانلىق		
جۈملەم		
دومساي-		
جۈملەم		
ئۆڭۈپ كەت-		
جۈملەم		
ھەۋەسلىنىپ		
جۈملەم		
مەدەت بەر-		
جۈملەم		

3. ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا باشقا سۆز قويۇپ بېقىڭلار.

1) ئاپام سىرتتىن ھايال ئۆتمەيلا قايتىپ كەلدى.

2) پۇتبول مەستانىلىرى ئۆزى ياقتۇرىدىغان كوماندىلارغا مەدەت بەرمەكتە.



4. تېكىست بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككى سوئال يېزىڭلار ۋە بۇ سوئاللارنى پارتىداشلىرىڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار.

سوئال:

1)

2)

جاۋاب:

1)

2)



5.ئاۋۋال تۆۋەندىكى ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭلار، ئاندىن دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

تىرىشىپ ياخشىلىق قىل، ياخشى نام ئىزدە، ياخشى نامىڭ بىلەن مەڭگۈ تىرىك قال.

—— يۈسۈپ خاس هاجىپ

ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇشنىڭ ئۆزى مۇكاپاتتۇر.

—— ئەلشىر نەۋائى

ئالپ ئەرتۇڭا

مەھمۇد كاشغەرىي

(ماتەم قوشىقى)

ئالپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟
دۇنيا ئىگىسىز قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

زامان پۇرسەتنى كۆزلىدى،
پەزىلەت تامامەن ئازلىدى.
بەدنىيەت كىشىلەر كۈچلەندى،
پەزىلەت بىگى يوقىلىپ.

ئەل بۆرىدەك ھۇۋلاشتى،
يىرتىپ ياقا يىغلاشتى.
پەرياد چېكىپ دادلاشتى،
كۆزلەر ياشقا تاپلىنۇر.

كۆنۈكمە:



1 . شېئىرنى ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە بايان قىلىپ بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

يېڭى سۆزلەر	پەرەز	لۇغەتتىكى مەنىسى
پەلەك		
ئۆچ ئال-		
ئايند-		
پەزىلەت		
بەدنىيەت		
پەرياد چەك-		
دادلا-		
خاقان		
ماھىر		
قەستلە-		
ماتەم		



3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەرتىپ بويىچە تىزىپ، راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1) قاراخانىيلار شەھىرىدە تۇغۇلغان بىرى بولغان پايتەختلىرىدىن بالاساغۇن يۈسۈپ خاس ھاجىپ


....

....

2) شۇغۇللانغان ياشاپ تەمسىل قىلغان ھەم ئىلىم ئىجادىيەت بىلەن قەشقەردە

3) بىرنى   بىلىكى   يېڭەر   بىلمى   كۆچلۈك   مىڭنى
كۆچلۈك   يېڭەر

4) ئۆزىنىڭ   بايقىدى   قالغانلىقىنى   ئادىشىپ   كېيىن   ئالىم
يولدىن   بەك



ماتەم قوشاقلىرى ـــ ئۆلۈپ كەتكەن قىممەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب-ئوقۇبەت چەككەنلىكىنى، كۆڭلىنىڭ قانچىلىك يېرىم بولغانلىقىنى، ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن نېمىلەرنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلاردۇر.



4. سىلەر سۆيۈنگەندە، ناھايىتى خۇشال بولغاندا ياكى خاپا بولغاندا، كۆڭلۈڭلار بەك يېرىم بولغاندا، بۇ ھېس-تۇيغۇڭلارنى قايسى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيسىلەر؟

5. تۆۋەندىكى سۆز-جۈملىلەرنى ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىپ جەدۋەلگە يېزىڭلار.

ياشا! كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. ئاچچىقىمدىن ئۆتۈم يېرىلىپ كېتەي دېدى. بەك خاپا بولدۇم. بەك خۇشال بولدۇم. بەك ئازابلاندىم. يۈرۈگۈم لەختە-لەختە قان بولۇپ كەتتى. پاھ! يارايسىز!

سۆيۈنۈش ۋە خۇشاللىق تۇيغۇسى	خاپا بولۇش تۇيغۇسى	كۆڭۈل يېرىم بولۇش تۇيغۇسى

6. «ئالپ ئەرتۇڭا» ئاتلىق شېئىرغا باشقا ماۋزۇ قويۇپ بېقىڭلار.



ئالپ ئەرتۇڭا كىم؟

ئالپ ئەرتۇڭا — تۈرك خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان ئۇلۇغ خاقانلىرىنىڭ بىرى. ئىرانلىقلار ئۇنى «ئافراسىياپ» دەپ ئاتىغان. تارىخي مەنبەلەر ئالپ ئەرتۇڭانىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قۇرغان تۇران دۆلىتى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇلغان ناھايىتى كۈچلۈك بىر دۆلەت ئىدى.

ئالپ ئەرتۇڭا بىلىملىك، جاسارەتلىك، پەزىلەتلىك ۋە جەڭ قىلىشتا ماھىر بىر خاقان بولغاچقا، نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلغان. ئۇ ئۆز خەلقىگە ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان. ئىران پادىشاھى كەي خىسراۋ بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئالپ ئەرتۇڭا توغرىسىدا خەلق ئىچىگە تارقالغان ماتەم قوشاقلىرى 11-ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرىدىغان مىساللار سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان.

32-دەرس

ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

سۈپەت



سۈپەت دېگەن نېمە؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، خاراكتېرى قاتارلىق بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر سۈپەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

قىزىل، يېشىل، ئاق؛ ئېگىز، پاكار، كەڭ، تار، ئىسسىق، سوغۇق؛ ئاچچىق، تۇزلۇق، خۇشبۇي؛ ياخشى، ئەسكى، يامان؛ توغرا، خاتا؛ يۇۋاش، شوخ، باتۇر، قەيسەر؛ چوڭ، كىچىك، يىراق، يېقىن

سۆپەتنىڭ دەرىجىسى — ئەسلىي دەرىجە، سىلىشتۇرما دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە ۋە ئەركىلەتمە دەرىجە دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) ئەسلىي دەرىجە: سۆپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نورمال دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلار ھېچقانداق قوشۇمچە قوشۇلمىغان سۆپەتلەردۇر. مەسىلەن:

قىزىل، ئېگىز، كەڭ، تار، ئىسسىق، ئاچچىق، تۈزلۈق، ياخشى، توغرا، يۇۋاش، چوڭ، يىراق ...

(2) سىلىشتۇرما دەرىجە: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىرىنى سىلىشتۇرىدىغان دەرىجە شەكلى بولۇپ، ئەسلىي دەرىجىدە كەلگەن سۆپەتلەرگە "-راق//-رەك" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇزۇن + ـراق = ئۇزۇنراق، كىچىك + ـرەك =كىچىكرەك

ئادىل ئالىمدىن ئېگىزرەك.

بۇ ئالما ئاۋۇ ئالمىدىن چوڭراق.

(3) ئاشۇرما دەرىجە: سۆپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى ئەسلىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان دەرىجە شەكلىدۇر. سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى ئاۋۋال سۆپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا "پ" تاۋۇشىنى قوشۇپ، ئاندىن سۆپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

قىزىل-قىپقىزىل، سۆزۈك-سۈپسۈزۈك، تىنچ-تىپتىنچ، باراۋەر-باپباراۋەر ...

سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى سۆپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ ئەسلىي دەرىجىسىدىكىگە قارىغاندا يەنىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈندىن ئېتىبارەن مېنىڭ ئۈچۈن يېپيېڭى بىر دەۋر باشلاندى.

ھاۋا ئوچۇق، سايىنىڭ ئىچى تىپتىنچ ئىدى.

(4) ئەركىلەتمە دەرىجە: سۆپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئامراقلىق ھېسسىياتى بىلەن ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلىدۇر. بۇ خىل دەرىجە شەكلى ئەسلى دەرىجىدىكى سۆپەتلەرگە "+غىنا/ +قىنا/ +گىنە/ +كىنە" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

سالقىن + ـ غىنا = سالقىنغىنا؛ ئوماق + ـ قىنا = ئوماققىنا

تۈزۈك + ـ كىنە = تۈزۈككىنە؛ ئەپچىل + ـ گىنە = ئەپچىلگىنە ...

كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنى باشقا دەرىجىلەر بىلەن تۈرلەپ بېقىڭلار.

ئەسلىي دەرىجە	سېلىشتۇرما دەرىجە (+راق/+رەك)	ئاشۇرما دەرىجە (بىرىنچى بوغۇم+پ +داۋامى)	ئەركىلەتمە دەرىجە (+غىنا/ +قىنا/ +گىنە/ +كىنە)
كىچىك			
سۈزۈك			
ئوماق			
يېشىل			
يوغان			
ئاق			



2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە ئاستى سىزىلغان ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنى، سېلىشتۇرما دەرىجە ۋە ئاشۇرما دەرىجە شەكلىگە ئۆزگەرتىڭلار.

1) ئۇنىڭ تۈركچىسى مېنىڭكىدىن راۋان.

2) مەھەللىمىز تىنچ بولغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى.

3) سېرىق چاپان كىيىۋالغان بالا مېنىڭ دوستۇم.

مەشىق باغچىسى



1. ئىملاسى توغرا بولمىغان سۆزلەرنى توغرىلاپ يېزىڭلار.

ئۆختى كۆشلۈك باللا مەيداڭغا ئاغان ئىنسانلا بەگەن ئاشما



2. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى مۇۋاپىق بولمىغان سۆزلەرنى سىزىۋېتىپ، توغرىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

1) ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى قولۇمنى ئىسسىتتى. (　　　　)

2) قار لەيلەپ يېغىشقا باشلىدى. (　　　　)

3) مەن بۇ رەسىمنى يېزىپ چىقتىم. (　　　　)

4) ئۇ ناھايىتى تەسلىك ھېكايە دېكلىمايىسيە قىلدۇ. (　　　　)

3. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىڭلار.

سۈزۈك، سۈزۈك، سۈزۈك تاش،
تۆت بۇرجەكلىك-چاقماق تاش.
چىشقا باسساڭ قاتتىق تاش،
چايغا سالساڭ تاتلىق تاش.

جاۋابى:



كۈن بارىدا يولداش بولۇپ،
گويا ساڭا قولداش بولۇپ.
يۈرەر دائىم بىرگە-قاتار،
كۈن پاتقاندا سەندىن قاچار.

جاۋابى:

خاتالىقنى تۈزىتەي

«ق، چ، ن » ھەرپلىرى

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگەندە، ئەگەر توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، «ق» ئۈزۈك تاۋۇشى بەزى سۆزلەردە «خ» تەلەپپۇز قىلىنىپ قالىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكى توغرا ئىشلىتىلىشى بويىچە «ق» يازىمىز ۋە شۇنداق تەلەپپۇز قىلىمىز.

خاتاسى	توغرىسى
ئۇختۇرۇش	ئۇقتۇرۇش
ئاخلىدى	ئاقلىدى
يوخلىدى	يوقلىدى

«چ» ئۇزۇك تاۋۇشى بەزى سۆزلەردە «ش» تەلەپپۇز قىلىنىپ قالىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكى توغرا شەكلى بويىچە «چ» قىلىپ يازىمىز ۋە شۇنداق تەلەپپۇز قىلىمىز.

خاتاسى	توغرىسى
ئۈشتى	ئۈچتى
ئىشتى	ئىچتى
ئاشقۇچ	ئاچقۇچ

«ن» ئۇزۇك تاۋۇشى بەزى سۆزلەردە «ل، ڭ» تەلەپپۇز قىلىنىپ قالىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكى توغرا شەكلى بويىچە «ن» قىلىپ يازىمىز ۋە شۇنداق تەلەپپۇز قىلىمىز.

خاتاسى	توغرىسى
ئۆللۈك	ئۆنلۈك
كۆرۈۋڭگەن	كۆرۈۋنگەن
ئاسماڭغا	ئاسمانغا




4. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنغا توغرا سۆزنى تاللاپ يېزىڭلار.

1) بۈگۈن ئەخمەتجان قاسىمى، رىزۋانگۈل قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنى .... كەلدۇق. (يوخلاپ، يوقلاپ)

2) بىز ياسىغان ئايروپىلان كۆكلەردە .... (ئۈچتى، ئۈشتى)

3) .... تاغ يىراق ئەمەس. (كۆرۈۋڭگەن، كۆرۈۋنگەن)



هەربىر ساۋاقداشنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. بەزىلەر جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، خەتنى چىرايلىق يازىدىغان بولىدۇ. بەزىلەر كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ قولى چېۋەر كېلىدۇ، ئۇلار ھەر خىل قول ھۈنەر ئىشلىرىنى قىلالايدۇ. بەزىلەرنىڭ باغرى يۇمشاق، ئۇلار باشقىلارغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدۇ ...

5. «مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىم» دېگەن مەزمۇندا نۇتۇق سۆزلەشكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن،

تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

ئۆزۈمگە يۇلتۇز بېرىمەن.	ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىقلىرىم:
☆☆☆☆☆	ئارتۇقچىلىقلىرىمنى ئويلاپ تاپتىم.
☆☆☆☆☆	ئارتۇقچىلىقلىرىمنى، ئۆزۈمنى ماختايدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، دەپتىرىمگە رەتلىك يازدىم.
☆☆☆☆☆	بەزى ئارتۇقچىلىقىم ساۋاقداشلىرىمنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. بۇنى نورمال دەپ قارايمەن.
☆☆☆☆☆	بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىم پەقەت ماڭىلا خاس بولۇشى مۇمكىن. بۇنىمۇ نورمال دەپ قارايمەن.
☆☆☆☆☆	دەپتىرىمگە يازغانلىرىمنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، دەپتەرگە قارىماي سۆزلىيەلىگۈدەك بولدۇم.
☆☆☆☆☆	سۆزلىگەندە بېشىمنى تىك تۇتۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆزىگە تەكشى قاراپ، دۇدۇقلىماي سۆزلىدىم.
☆☆☆☆☆	ئەگەر گېپىمدىن ئېزىپ كەتسەم، قورقمايمەن. ئېغىر-بېسىق بولۇپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىمەن.



6. 5-مەشىقنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، قىلغان تەييارلىق بويىچە، ئۆز ئارتۇقچىلىقىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

7. ئارتۇقچىلىقىڭلارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

ئۆزۈمگە يۇلتۇز بېرىمەن.	باھالاش ئۆلچەملىرىم:
☆☆☆☆☆	سۆزۈمنى دۇدۇقلىماي دېيەلىدىم.
☆☆☆☆☆	تەلەپپۇزۇم ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا تەلەپپۇز بولدى دەپ قارايمەن.
☆☆☆☆☆	سۆزلىگەندە بېشىمنى تىك تۇتۇپ، گەۋدەمنى رۇسلاپ،مېنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سۆزلىدىم.

ساۋاقداشلىرىم .... نىڭ ئۇتۇقىنى بەك ياقتۇردۇم.	☆ ☆ ☆ ☆ ☆
ساۋاقداشلىرىم .... ئانچە ياخشى سۆزلىيەلمىدى.	☆ ☆ ☆ ☆ ☆
خاتالىقلىرىم ياكى كەمچىلىكلىرىم بولدى.	☆ ☆ ☆ ☆ ☆
ئۇقسانلىرىمنى كېيىنكى ئۇتۇق سۆزلەشتە تۈزىتىمەن.	☆ ☆ ☆ ☆ ☆

يېزىقچىلىق مەشىقى



8. تۆۋەندە تەرتىپسىز بېرىلگەن جۈملىلەرنى ۋەقەلىكنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە تىزىپ، قايتىدىن يېزىپ چىقىڭلار.

1) مەكتەپتە ھەم بىلىم ئۆگەندىم ھەم ساۋاقداشلىرىم بىلەن كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم.

2) كەچتە ئۆيگە كەلگەندە، ئاپامغا ياردەم قىلىپ، تەخسە ۋە قوشۇقلارنى داستىخانغا ئەكىلىشىپ، تىزىشىپ بەردىم.

3) ئاندىن ناشتىلىق قىلىپ، مەكتەپكە باردىم.

4) ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرغاندىن كېيىن، يۈز-كۆزلىرىمنى پاكىز يۇيۇپ، ئورۇنلىرىمنى يىغىپ، كىتاب-دەپتەر، قېرىنداش-ئۆچۈرگۈچ قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرىمنى سومكامغا قويدۇمۇ دەپ، بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتىم.

5) ئۇخلاشتىن بۇرۇن چىشلىرىمنى پاكىز چوتكىلىدىم ۋە ھەممەيلەنگە «ياخشى چۈش كۆرۈڭلار» دېدىم.


تىل خەزىنىسى

9. تۆۋەندىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

- ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئىززەت تاپىدۇ. —— ئابدۇللا خاراباتى
- مېھىر-مۇھەببەت ۋاپاسى يوق كىشى قۇياش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا؟ —— لۇتفى



10. تۆۋەندىكى ئىسخېمىدا بېرىلگەن بوش ئورۇنغا، سۈپەت دەرىجىلىرىگە ماس كېلىدىغان ئىككىدىن مىسال يېزىڭلار.





11. كومپيۇتېر تاختىسىدىن بىر كۆنۈپكىدا ئىككى ھەرپ يېزىلىدىغانلارنى تېپىپ ئىشارەتلەڭلار ۋە ئۇلارنى دەپتىرىڭلارغا ئېنىق قىلىپ يېزىڭلار.



لۇغەت

-ئا-

ئاجايىپ: غەلىتە، ناھايىتى قىزىق، ھەيران قالارلىق، ئالامەت

ئاداۋەت ساقلا-: ئۆزئارا چىقىشالماسلىق ياكى غوم ساقلىماق، خۇسۇمەتچىلىك

ئادىشىپ قال-: نىشان، يول، ھېساب، پىكىر، سۆز، خىيال، ئەقىل قاتارلىقلاردىن ئازماق

ئاران: 1. زور قىيىنچىلىق بىلەن، كۆپ مۇشەققەتتە، تەستە؛ 2. سەل-پەل، بىلىنەر بىلىنمەس

ئازغىنە: بىر ئاز، ئازراق، تولىمۇ ئاز

ئاق كۆڭۈل: كۆڭلى تۈز، نىيىتى تۇغرا، باشقىلارغا يامانلىق قىلمايدىغان

ئاقۇش: ئاقىقا مايىل، ئاق رەڭگە يېقىن

ئامىمىۋى: ئاممىغا، كۆپچىلىككە ئائىت؛ كۆپچىلىك ئىچىدە ياكى ئامما ئارىسىدا بېجىرىلىدىغان

ئايىنى-: ئاۋۇماق، كۆپەيمەك

-ئە-

ئەپلىشىپ قال-: 1. بىر نەرسە مەلۇم جايغا ماس كەلمەك، مۇۋاپىق كەلمەك، باب كەلمەك، جايىغا چۈشمەك؛ 2. يارىشىپ قالماق، ياخشىلىشىپ قالماق

ئەجەبلەن-: ھەيران بولماق، ھەيران قالماق، تاڭ قالماق

ئەزىز: ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە، قەدىرلىك، سۆيۈملۈك؛ 2. سۆيۈملۈك، بىباھا

ئەقىدە: كۆڭۈلدىن باغلانغان ھېسسىيات، ياخشى كۆرۈش

ئەقىللىق: ئەقلى بار، كاللىسى ئىشلەيدىغان، ئۆتكۈر، ھوشيار، زېرەك

ئەگىز: ئەتىياز ۋاقتىدىكى ئېرىگەن قار-مۇز سۈيى

ئەندىزە: كىيىم-كېچەك ياكى بىرەر باشقا نەرسە پىچىش، تەييارلاشتا ئۆلچەم قىلىدىغان ئۈرنەك، ئۈلگە؛ 2. كۆچمە. ئۈرنەك؛ نەمۇنە

ئەۋلاد: بىر ئاتا-بوۋىدىن تارقالغان ئۇرۇق-جەمەت، نەسىل

-ب-

باتۇرانە: باتۇرلارچە

بازا: ئاساس، نېگىز، تايانچ

بازار: ئاھالە سودا-سېتىق قىلىدىغان مەخسۇس جاي

بالجانلىق: 1. كۆپ باللىق، بالا-چاقا نەۋرىلىرى كۆپ؛ 2. باللارغا ئامراق

بايقا-: 1. كۆرمەك، كۆزەتمەك؛ 2. ھېس قىلماق؛ سەزمەك

بەئەينى: ئوپئوخشاش؛ ئەينەن ئۆزى

بەدنيەت: نىيتى يامان

بەل باغلا-: بىرەر ئىشقا ئەستايىدىل كىرىشمەك، نىيەت قىلماق، ئىرادە تۇرغۇزماق

بوستانلىق: دەل-دەرەخ ۋە يېشىللىقتا تولغان جاي

بوسۇغا: ئىشىك، دەرۋازىلارنىڭ ئاستىغا قويۇلغان توغرا ياغاچ ياكى خىش، تاش، سېمونت قاتارلىقلاردىن قىلىنغان توسما

بوۋا: ئانىسىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ دادىسى

بۆددىزم: بۇددا دىنى

بۆيۈكلۈك: ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق

بىپايان: پايانسىز، چەكسىز

بىخۇد: ھوشيار ئەمەس، بىپەرۋا

بىلىم: 1. كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئېرىشكەن بىلىشى ۋە تەجرىبىسىنىڭ مەھسۇلى ياكى مۇئەييەن ساھەگە ئائىت بولغان مەلۇماتلار يىغىندىسى؛ 2. مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ دەرىجىسى، مەلۇمات، ئىلىم

بىلىملىك: بىلىمى بار، بىلىمگە ئىگە، بىلىمى مول

-پ-

پارتىيە: مەلۇم سىنىپ، تەبىقە ياكى مەلۇم گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلات

پايتەخت: بىرەر دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئورۇنلاشقان شەھەر ۋە شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي مەركىزى

پايدا ئال-: مەنپەئەت ئالماق، نەپ ئالماق

پەرەز قىل-: بىرەر نەرسە ھەققىدە ئالدىنئالا تەخمىن قىلماق، مۆلچەرلىمەك

پەرياد چەك-: دۇچ كەلگەن قاتتىق خاپىلىق، دەرد-ئەلەم، روھىي ئازاب تۈپەيلىدىن نالە-زار قىلماق

پەزىلەت: ياخشى ئەخلاق، گۈزەل خىسلەت

پەشتاق: 1. بىنالارنىڭ ئالدى تەرىپىگە، ئالدى كۆرۈنۈشىگە چىقىرىلغان ھەشەمەتلىك قۇرۇلما؛ 2. ئېگىز كۆتۈرۈلگەن پەلەمپەيلىك سۇپا؛ پەلەمپەينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى

پەلەك: 1. يەر شارىنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقى؛ ئاسمان، كۆك؛ 2. تەقدىر، قىسمەت

پەۋقۇلئاددە: باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، ئادەتتە ئۇچرىمايدىغان؛ كۆتۈلمىگەن، تاسادىپىي: پەۋقۇلئاددە ئەھۋال

پەيدىنپەي: كەينى-كەينىدىن، ئارقا-ئارقىدىن؛ بىر-بىرلەپ

پىدا: باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش؛ قۇربان بېرىش

پىسەنت قىلماسلىق: ئېتىبارغا ئالماسلىق، نەزەر سالماسلىق، پەرۋا قىلماسلىق

-ت-

تاڭ-: ئوراپ، يۆگەپ چىگمەك؛ باغلىماق

تەرگىشىپ قال-: خاپىلىشىپ قالماق، ئاچچىقلىشىپ قالماق

تەرىقىدە: يوسۇندا، ئۇسۇلدا، ھالەتتە، شەكىلدە

تەسىرلەن-: تەسىراتقا ئىگە بولماق، تەسىر ئالماق؛ 2. ھاياجانلانماق

تەڭلە-: 1.بىرەر نەرسىنى بىراۋغا ئۇدۇللىماق، قاراتماق؛ 2. سۇنماق، ئۇزاتماق

تەن بەر-: قوبۇل قىلماق، ئېتىراپ قىلماق، ئىقرار قىلماق

توختام: ئىككى تەرەپ ئىمزا قويۇپ تەييارلىغان كېلىشىم، ھۆججەت

توختىماي: توختىماستىن، ئۈزۈلۈكسىز، داۋاملىق

تورۇز-: تورۇزانىدەك ھەر يانغا چېچىلماق، ئۇچماق، تۆكۈلۈپ چۈشمەك

توغرىسىغا كەس-: ئېنى، توغرا تەرىپىنى بويلاپ كەسمەك

تۆرلۈك: بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ھەر خىل، خىلمۇخىل

تېرموмېتىر: تېمپېراتۇرىنىڭ ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب

تېمپېراتۇرا: نەرسىلەرنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇق دەرىجىسى

تىرىكچىلىك: تۇرمۇش كەچۈرۈش، جان بېقىش، ياشاش

تىلغا ئال-: بىر كىشى، بىر نەرسە ياكى بىر ۋەقە ھەققىدە سۆزلىمەك

-ج-

جاھان: يەر يۈزى ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىقلار؛ دۇنيا، ئالەم

جەزملەشتۈر-: جەزم قىلىنماق، ئېنىق قارار تاپقان ھالەتكە كەلمەك

جەلپ قىلىش كۈچى: جەلپكارلىق، ئۆزىگە تارتىش كۈچى، مەپتۇن قىلىش كۈچى

جەلپ قىل-: ئۆزىگە تارتماق، قاراتماق؛ مەپتۇن قىلماق

جەم بول-: يىغىلماق، توپلانماق

جۈرئەت قىل-: خەۋپ-خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قورقماستىن ئىش قىلماق، جاسارەت كۆرسەتمەك

-چ-

چاڭقىلدا-: كۈچلۈك ئاۋاز چىقارماق

چېچەن: تېز پەملىيەلەيدىغان، زېھنى ئۆتكۈر؛ زېرەك، ھوشيار، ئەقىللىق

چىرايىغا قارىماسلىق: يۈزىگە قارىماسلىق

چىشىنى چىشلە-: بەرداشلىق بەرمەك، سەۋر-تاقەت قىلماق، چىدىماق

-خ-

خاقان: قەدىمدە تۈرك خەلقلىرىدىكى بۈيۈك دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان ئەڭ يۇقىرى ھوقۇققا ئىگە شەخس، سۇلتان

خەندان: شوخ كۈلكە، قاتتىق كۈلكە

خۇرسەن بول-: خۇش بولماق، قانائەت ھاسىل قىلماق؛ رازى بولماق، مەمنۇن بولماق، مىننەتدار بولماق

خىتاب: ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپكە بولغان بىرەر كۆچلۈك ھېس-تۇيغۇسىنى، ھاياجىنىنى ئىپادىلەيدىغان چاقىرىق، مۇراجىئەت

-د-

دادلا-: 1.جىسمانىي، روھىي ئازاب دەستىدىن ياكى قورقىنىدىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن نالە قىلىپ ۋارقىرىماق، پەرياد كۆتۈرمەك؛ 2.بىراۋ ئۈستىدىن رەنجىپ، ئاغرىنىپ ئەرز قىلماق

داڭق: نام، ئاتاق، شۆھرەت، ئىناۋەت؛ مەشھۇرلۇق

دانا: يىراقنى كۆرەر، ئەتراپلىق ئويلايدىغان، دانىشمەن، ئاقىل

دەررۇ: كۆپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەي، تېزلىك بىلەن، دەرھال

دەككە-دۈككە بول-: بىرەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەك، ئەندىشىلەنمەك؛ قورقماق؛ ئىككىلەنمەك

دەللە-: پىكىر، مۇلاھىزە، دەۋا-تەلەپ قاتار-لىقلارنىڭ توغرىلىقىنى دەلىل، پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىماق

دوست: ئىزدىشىپ، پىكىرلىشىپ تۇرىدىغان كۆڭلى يېقىن كىشى، ئاغىنە، بۇرادەر

دوقۇرۇشۇپ قال-: ئۇچرىشىپ قالماق، توغرا كېلىپ قالماق، دۇچ كېلىپ قالماق؛ 2.توقۇنۇشۇپ قالماق، تۇتۇشۇپ قالماق

دومسايـ-: قاپىقىنى تۈرۈپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ بىرەر ئىش، نەرسىدىن نارازى ياكى خاپا بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەك

دۈچ كەل-: يولۇقماق؛ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كەلمەك

دۆلەت: 1. بىر مىللەت ياكى كۆپ مىللەتنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ھاكىمىيەت ۋە شۇ ھاكىمىيەتكە تەۋە زېمىن؛ 2. مال-دۇنيا، بايلىق

دىلغا ياق-: ياقتۇرماق، ياخشى كۆرمەك

ديار: مەملىكەت، ۋەتەن، يۇرت

-ر-

رەت-رېتىچە: رەتلىك ھالدا، قاتار-قاتار، سەپ-سەپ بولۇپ

رەئىس: بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «باش» بولۇپ، دۆلەت، پارلامېنت ياكى پارتىيەنىڭ باشلىقى، رەھبىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن شەخسنى كۆرسىتىدۇ.

-ز-

زامانىۋى: ھازىرقى زامانغا ماس، دەۋر تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان

زوق بېغىشلا-: خۇشال قىلماق، ھوزۇرلاندۇرماق

زېھىن: ئىنساننىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى؛ ئەس-ھوش، ئەقىل، ئىدراك

-س-

سائەت: 1. بىر سوتكىنىڭ 24 دىن بىرىگە يەنى 60 مىنۇتقا تەڭ بولغان ۋاقىت بىرلىكى؛

2. ۋاقىتنى سائەت، مىنۇت، سېكۇنت بويىچە ھېسابلاپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسۋاب؛ 3. ئوقۇتۇشتىكى ھەربىر قېتىملىق دەرس ۋاقتى؛ 4. پۇرسەت، پەيت

سادىق: چىن كۆڭۈلدىن بېرىلگەن، سەممىي، ساداقەتلىك

ساز: 1. ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى يەنى دۇتار، تەمبۇر، ساتار، راۋاب قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى؛ 2. مۇزىكا، غەزەلخانلارنىڭ ساداسى، كۈيى؛ 3. ياخشى، ساق، جايىدا

سانسىز: ساناپ بولغىلى بولمايدىغان، بىھېساب، نۇرغۇن

سەپەر: مەلۇم بىر ئىش ياكى زىيارەت ئۈچۈن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىش

سەگدە-: ئۆزىنى سالقىنغا سالماق، سالقىنلىماق، سۆرۈنلىمەك

سەيلە قىل-: ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆڭۈل ئېچىش، تاماشا قىلىش

سولماقاق 1. سالپايماق، قورۇلماق، سولاشماق (ئۆسۈملۈك ھەققىدە)؛ 2. كۆچمە. روھلۇق، جۇشقۇن ھالىتىنى يوقاتماق، سارغىيىپ رەڭگىدىن كەتمەك، بوشاشماق

سېكۇنت: بىر مىنۇتنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى

-ش-

شادلان-: خۇشال بولماق، مەمنۇن بولماق، سۆيۈنمەك

-غ-

غار: تاغلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن چوڭ ھەجىمدىكى بوشلۇق، ئۆڭكۈر

غۇيۇلدا-: «غۇي-غۇي» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غۇي-غۇي» قىلماق، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆتۈپ كەتمەك

غىللىدە: «غىل» قىلغان ھالدا، «غىل» قىلىپ، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۆرۈنۈپ يوقاپ كەتمەك

-ف-

فونت: كومپيۇتېردا يېزىلغان خەتلەرنىڭ نۇسخىسى

-ق-

قاتناش تۈگۈنى: ئاساسىي يول ۋە لىنىيەلەرنىڭ تۇتاشقان ئېغىزى

قاش: 1. قاشتېشى؛ 2. كۆز قاپىقىنىڭ ئۈستىدىكى تۈكلۈك قىسىم؛ 3. يېنى، قىرى، قېيىسى

قاشتېشى: قىممەت باھالىق، رەڭلىك، تەبىئىي تاش

قايدا: قەيەردە، قايسى يەردە، قايسى جايدا، نەدە، قايسى تەرەپتە، قاياقتا

قايىل بول-: رازى بولماق، لايىق كۆرۈپ ئېتىراپ قىلماق، تەن بەرمەك

قەستلە-: يامان ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكمەك ۋە مەقسەت قىلماق

قەھرىتان: ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق

قوڭغۇر: ئاز مىقداردا يېشىل بىلەن قىزىلنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان، كۆرۈنۈشى دەرەخنىڭ پورىغا ئوخشاش رەڭ

قولى گۈل: قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان

قۇۋ: ھىيلە-نەيرەڭگە تولا، باشقىلارنى گوللاشتا ئۇستا

قىيىدا-: بىرەر كىشىدىن نارازى بولۇپ تەتۈر قاراپ يۈرمەك؛ ئاغرىنماق، خاپا بولماق

-ك-

كەبى: ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «-دەك، -تەك»، «... -غا/-قا ئوخشاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كومپيۇتېر: كومپيۇتېرغا قاچىلانغان پروگراممىلار ۋە ھەر خىل ئەپ دېتاللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى

كۆرەڭلىك بىلەن: ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا، نوچىلىق ۋە پوچىلىق بىلەن

كۆركەم: كۆرۈنۈشى ئېسىل، گۈزەل، چىرايلىق

كۆڭلى يېرىم بول-: ئازابلانماق، قايغۇرماق، ئىچى سىقىلماق، بىئارام بولماق، دەرت تارتماق

كۆڭۈللۈك: كۆڭۈلگە ياقىدىغان، خۇش قىلىدىغان، يېقىملىق

كۈچ-مادار: كۈچ-قۇۋۋەت، ماغدۇر

كۆرەش: توقۇنۇش، ئېلىشىش، جەڭ

كۈنسېرى: كۈندىن-كۈنگە

كىرگۈزگۈچ: كىرگۈزۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان نەرسە

-گ-

گويا: قىياس قىلىش، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ؛ خۇددى، بەئەينى

گۆدەك: كىچىك بالا، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولمىغان، خام، ساددا، كىچىك

گۈلزار: گۈل ئۆستۈرۈلگەن، گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان جاي، گۈللۈك، چىمەنزار

گرادۇس: تېمپېراتۇرا ئۆلچەم بىرلىكى؛ دەرىجە

-ل-

لاۋۇلدا-: يالقۇنجىماق، ئۇلغىيىپ كۆيمەك

لىباس: ئۈستى كىيىم

لىككىدە: «لىك» قىلىپ، «لىك» قىلغان ھالدا، ناھايىتى تېز ۋە يېنىك ھالدا

-م-

ماتەم: بىركىمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن بىلدۈرۈلگەن تەزىيە، قايغۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم، قارىلىق تۇتۇش قاتارلىقلار

ماركا: 1. پوچتا ئورۇنلىرى تارقىتىدىغان، ئۈستىگە داغلىق سۈرەت-مەنزىرە چۈشۈرۈلگەن، مەلۇم قىممەتكە ئىگە، پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىدىغان تۆت بۇرجەك قەغەز؛ ئۇ ئەۋەتىش ھەققىگە باراۋەر قىممەتتە پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىدۇ؛ 2. مەلۇم تاۋارنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى، بۇ بەلگە يېزىق، رەسىم، شەكىل بىلەن نامايەن بولىدۇ ۋە دۇنيادا ئىشەنچ ۋە قىممەت يارىتىدىغان بىر بەلگىگە ئايلىنىدۇ.

ماھىر: يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان، ماھارەتلىك، ئۇستا

مەدەت بەر-: ماددىي ياكى مەنىۋى ياردەم بەرمەك، يار-يۆلەك بولماق

مەسلىھەت: 1. بىرەر ئىشنى قانداق قىلىش ھەققىدە بىلدۈرۈلگەن پىكىر، قىلىنغان مۇلاھىزە، تەۋسىيە، تەكلىپ؛ 2. پىكىر ئېلىش، كېڭىشىش

مەش: قىش كۈنلىرى ئوت قالاپ ئۆينى ئىسسىتىش، تاماق پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئاساسەن قەلەي، قاڭالتىر ياكى چويۈندىن ياسىلىدىغان ئوچاق

مەشغۇلات: ئىش، ئوقەت، پائالىيەت

مەغرۇر: ئۆزىنى ئەركىن، ئۈستۈن تۇتىدىغان، روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن، غۇرۇرى بار

مەقبەرە: 1. قەبرە؛ 2.قەبرىنىڭ ئۈستىگە كىيسەك قاتارلىقلار بىلەن ياسالغان قۇرۇلما

مەشەدەپ قالـ-: نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالماق، ھاڭۋېقىپ قالماق

مەنزىل: 1. سەپەر قىلغاندا، توختاپ ئۆتىدىغان، قونىدىغان ياكى يېتىپ بېرىش مۆلچەرلەنگەن جاي؛ 2. بىرەر ھەرىكەت، كۈرەش نەتىجىسىدە ئېرىشىلىدىغان، مۆلچەرلەنگەن مەقسەت، يېتىدىغان نىشان

مەي بولـ-: مېۋە-چېۋىلەر تازا پىشىپ قىيامىغا يەتمەك

مۇشۇ كەمگىچە: مۇشۇ ۋاقىتقىچە، ھازىرغىچە

مۆجىزات: كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلمىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھادىسىلەر، ئىشلار، مۆجىزىلەر

مىھرىبان: باشقىلارغا شەپقەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان، كۆيۈمچان، غەمخور

مىھنەت: بىرەر نەتىجە، مول-ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك، ئەجىر-مۇشەققەت

مىھىر: كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەر، ھايۋانلار ۋە شەيئىلەرگە بولغان مۇ-ھەببىتى، كۆيۈنۈشى

مىغىلدا-: كۆپ ساندىكى ئۇششاق جانلىقلارنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىشى، قىمىرلىماق، مىغىلدىماق

مىنۇت: بىر سائەتنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى؛ دەقىقە

-ن-

نامەلۇم: كىملىكى، نېمىلىكى ئېنىق بولمىغان، ئېنىقلانمىغان، ئېنىق ئەمەس

نەقەدەر: قانچىلىك، قانچىلىك دەرىجىدە

نۇتۇق: مەلۇم تېما ھەققىدە جامائەت ئالدىدا سۆزلەنگەن ئۇزۇن سۆز، لېكسىيە

نىشان: 1.تەبىئىي ياكى مەقسەتلىك قويۇلغان بەلگە، ئالامەت؛ 2. بىرەر نەرسىدىن قالغان ئىز، بەلگە، سىمۋول؛ 3. بىرەر ئىش، ھەرىكەت قارىتىلغان نۇقتا ياكى يەتمەكچى بولغان مەقسەت، مەنزىل، غايە، يۆنىلىش

-ھ-

ھار كەلـ-: ئۇيات، نومۇس بىلىنمەك؛ ئېغىر كەلمەك، ئازابلانماق

ھارپا كۈنى: 1. رامىزان ياكى ھېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنى؛ 2.بايرام ياكى بىرەر تەنتەنىلىك

كۆندىن ئالدىنقى كۈن

هاماقەت: ئەقىلسىز، ئەخمەق، نادان، دۆت

هامان: 1. داۋاملىق، توختىماي، دائىم، هازىرغىچە، هېلىهەم؛ 2.بىرەر ۋەقە ياكى هادىسە يۈز بەرگەن پەيتنىڭ ئۆزىدە، ئاشۇ زامان، شۇ ئاندا؛ 3. هەرقانچە قىلغان بىلەن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرقى هېسابتا، چوقۇم، بەرىبىر

هاۋالاڭ: ساپ هاۋادىن نەپەس ئالماق، هاۋا يېمەك

هايات: 1. ئادەم ۋە جانلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ياشىشى؛ 2. جانلىقلارنىڭ ياشاش، هەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى؛ جېنى؛ 3. ياشاۋاتقان، ئۆلمىگەن، تىرىك؛ 4. تىرىك مەۋجۇداتلارنىڭ پەيدا بولغان، تۇغۇلغان ۋاقتىدىن تا ئۆلگەن ۋاقتىغا قەدەر

ئۆتىدىغان ياشاش مۇددىتى، ئۆمرى

هەۋەس: بىرەر نەرسىگە بولغان قىزىقىش؛ ئىنتىلىش؛ ئارزۇ، ئىستەك

هەۋەسلەن: بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلماق، هەۋەس قىلماق، ئىنتىلمەك، قىزىقماق

هەيۋە قىل: تەهدىت سالماق، قورقۇتماق

هەيۋەتلىك: 1. كاتتا، زور، كۆركەم؛ 2. هەيۋەتتى قالتىس، بەهەيۋەت

هۆرمەت: 1. ئادەم ۋە نەرسىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ ئۇنى قەدىرلەش، ئۇلۇغلاش ئەزىزلەش تۇيغۇسى، ئىززەت، ئېهتىرام؛ 2. ئامما ئارىسىدا قازانغان ئىناۋەت؛ ئابرۇي، ئېتىبار

هۆكۈمەت: 1. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى؛ 2. دۆلەت، هاكىمىيەت

-ئو-

ئوڭايسىزلانغان هالدا: بىرەر ئىش ياكى ئەهۋالغا قارىتا ئوڭايسىزلىق، مۇشكۈللۈك، بىئەپلىك هېس قىلماق، تەسچىلىكتە قالماق، قىيىن هېس قىلماق

ئوڭۇشلۇق: مۇۋەپپەقىيەتلىك، نەتىجىلىك؛ كۆڭۈلدىكىدەك، جايىدا، ياخشى

ئويناقلا: يەڭگىل، شوخ هەرىكەت قىلماق، ئەركىلىمەك

-ئۇ-

ئۇشبۇ: مانا شۇ، مەزكۇر

ئۇق: 1. مەزمۇنىنى، ماهىيىتىنى چۈشەنمەك، ئاڭقارماق؛ 2. هېس قىلماق، سەزمەك، بىلمەك؛ چۈشەنمەك، خەۋەردار بولماق

ئۆيقۇدىن كەچ-: بىرەر كىشى، نەرسە ياكى ئىش ئۈچۈن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كەچمەك

ئۆيۈشتۇر-: ئۆزئارا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن تەشكىللىمەك، تەشكىللىمەك

ئۈت-: كۈچ سىنىشىش، مۇسابىقە، ئويۇن قاتارلىقلاردا قارشى تەرەپتىن ئۈستۈن كەلمەك؛ يەڭمەك

-ئۆ-

ئۆچ ئال-: قىساس ئالماق، ئىنتىقام ئالماق

ئۆركەشلە-: ئۆركەش پەيدا قىلماق، دولقۇن ھاسىل قىلماق، دولقۇنلىماق

ئۆزىنى ئۇڭشىۋال-: ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋالغان ھالدا، ئۆزىگە كېلىۋالغان ھالدا

ئۆڭكۈر: تاغ، تۆپىلىك قاتارلىقلاردىكى تەبىئىي ياكى سۈنئىي يوسۇندا چوڭقۇر ئويۇلغان جاي؛ غار

ئۆڭۈپ كەت-: 1. ئەسلىدىكى رەڭگىنى يوقاتماق، ئۆزگەرمەك؛ ئۆچمەك (نەرسىلەر ھەققىدە) 2. كۆچمەك، تاتارماق، ئۆزگەرمەك، بۇزۇلماق، ئاقارماق (چىراي ھەققىدە)

-ئۇ-

ئۇسكۇنە: 1. ئىدارە-جەمئىيەت، زاۋۇت فابرىكا، كارخانا ۋە ئائىلىلەرگە كېرەكلىك نەرسىلەر، جاھاز؛ 2. ھۈنەر-كەسپكە زۆرۈر بولغان قورال، سايمانلار

ئۇلگە: 1.كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل؛ نەمۇنە، تىپ؛ 2.بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان نۇسخا، ئەۋرىشكە

ئۇن-تىنسىز: ئاۋازسىز؛ ئىز-دېرىكى يوق، ئىز-دېرەكسىز

ئۇنئالغۇ: ئاۋازنى خاتىرىلىۋېلىپ، قايتا ئاڭلاشقا بولىدىغان ئۇسكۇنە، ئاۋاز ئالغۇچ

ئۇنده-: بىرەر ئىش ياكى پائالىيەتنى باشلاشقا چاقىرىق قىلماق، دەۋەت قىلماق، تەشەببۇس قىلماق

-ۋ-

ۋاقىت: 1. زاماننىڭ ئەسىرلەر، يىللار، سائەتلەر، مىنۇتلار ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن

ئۆلچەنگەن بۆلىكى، چاغ؛ 2. پەيت، پۇرسەت؛ 3.بىرەر ئىش، ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ سادىر بولىدىغان ياكى بولغاندىكى ئارىلىقى، مەزگىل

ۋىلايەت: بىرنەچچە ناھىيە، شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەمۇرىي تېررىتورىيە

-ئې-

ئېغىز تەگ-: تېتىماق، يەپ باقماق

ئېھتىمال: ئەمەلگە ئېشىش، يۈز بېرىش، رېئاللىققا ئايلىنىش ئىمكانىيىتى، مۇمكىنلىك

-ئى-

ئىجارە: 1. باشقىلارنىڭ ئۆيي، جاي، مال-مۈلۈك قاتارلىق نەرسىسىدىن ھەق تۆلەپ ۋاقىتىنچە پايدىلىنىش؛ 2. ۋاقىتىنچە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېلىنغان نەرسىگە تۆلەنگەن ھەق

ئىستىقلالىيەت: مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ئازادلىق

ئىشەنچ: ھەقىقىي، چىن، راست، شەرتسىز دەپ بىلىش، ئىشىنىش؛ ئېتىقاد

ئىقبال: كېلەچەك؛ بەخت، تەلەي، ئامەت

ئىقتىدار: 1. زېھنىي كۈچ، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇنلاش، بەجا كەلتۈرۈش قابىلىيىتى؛ 2. كۈچ، كۈچ-قۇدرەت

ئىمكانىيەت: ئىش-ھەرىكەت ۋە مەقسەت قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا زۆرۈر ياكى قولاي بولغان شەرت-شارائىت؛ پۇرسەت، مۇمكىنچىلىك

ئىنقىلاب: 1. ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، كونا، چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى، ئىلغار بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىش ھەرىكىتى؛ 2. تۈپتىن قىلىنغان ئىسلاھات، ئۆزگەرتىش

-ي-

ياخشىلىشىپ قال-: ئەپلەشمەك، ياراشماق؛ ئىتتىپاقلاشماق، ئىناقلاشماق

ياد قىل-: ئەسلىمەك، خاتىرلىمەك

يادىكار: بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى شەخسنى

ئەسلىتىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن تەقدىم قىلىنغان نەرسە، سوۋغا، نىشانە

يادىكارلىق: 1. يادىكار قىلىنىدىغان نەرسە؛ 2. تارىختىن قېلىپ قالغان ۋە خاتىرە سۈپىتىدە ساقلىنىدىغان نەرسىلەر

يار: 1. ئەڭ يېقىن كىشى؛ دوست، بۇرادەر، ئاغىنە؛ 2. تىك قىيا

يارامىلىق: 1. بىرەر ئىشقا، ئىستېمالغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان، سۈپىتى يوقالمايدىغان، ئۆزگەرمىگەن؛ 2. بىرەر ئىشقا يارايدىغان، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، قابىلىيەتلىك

يارقىن: 1. نۇر چېچىپ، پارقىراپ تۇرىدىغان، پارقىراق؛ 2. يورۇق، ئېنىق، روشەن، ئوچۇق

يالداما: بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى شەخسنى ئەسلىتىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن تەقدىم قىلىنغان نەرسە، سوۋغا، نىشانە، يادىكار

يانفون: يانىدا ئېلىپ يۈرىدىغان تېلېفون

يايرا-: ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلماق، مەززە قىلماق، مەمنۇن بولماق، خۇرسەن بولماق، سۆيۈنمەك

يۇلتۇز: ئاسمان بوشلۇقىدىكى قۇياش ۋە ئايدىن باشقا ئاددىي كۆز ۋە دۇربۇن بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان يورۇق ئاسمان جىسمى

يۇمشاق دېتال: ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىكى تۈرلۈك تەرتىپ سىستېمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ئومۇمىي نامى، قىسقارتىلىپ «يۇمتال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يىلتىز: 1. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇپراقنىڭ ئاستىدىكى سۇ ۋە مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرىدىغان قىسمى؛ 2. چىش، چاچ، تىرناق قاتارلىقلارنىڭ تېرە ياكى گۆشى ئارىسىدىكى جايلاشقان قىسمى، تومۇرى؛ 3. سۆزنىڭ ئاساسلىق، تۈپكى قىسمى، سۆز يىلتىزى

مەنبەلەر

- ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ، ‹بىلىم بىلىك›، «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 1983 ـ يىل، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، بەت: 304.
- ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار، ‹دىنىي بايراملار›، «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1996، بەت: 138.
- ئابلەت قاسىم قاتارلىقلار، ‹نەشپۈت يېيىش›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1984، بەت: 124.
- ئابلىز ھەزىمۇت، «تېپىشماقلار»، تارىم غۇنچىلىرى، 1985، 1 ـ سان، بەت: 36 ـ 38.
- ئابلىكىم روزى، ‹سەككىز دوستنىڭ سۆھبىتى›، «ئۈمىد غۇنچىلىرى»، ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 1987، بەت: 117.
- ئارسلان ئابدۇللاھ تەھۇر، ئابدۇرېھىم راخمان، يارى ئەبەيدۇللا، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2010.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار، ‹قول قايرىشىش›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، 2005، ئۈرۈمچى، بەت: 13.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار، ‹يۈسۈپ خاس ھاجىپ ـ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن پارچە›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 86.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار، ‹مۇقەددەس ئانا›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 108.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار، ‹نەسىردىن ئەپەندىم لەتىپىلىرى›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 133؛ «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن دۇردانىلەر» (1)، (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەكبەر غۇلام)، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 58، 90.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار، ‹ھەسەل ھەرىسى›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 64.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار، ‹يۇرتۇمدا قىش›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 113.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار، ‹قەشقەرگە سەپەر›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 117.
- ئەخمەت ئىمىن، ‹ئەقىدىنىڭ يىلتىزى›، «نەسر يېزىقچىلىقى ۋە ئۆرنەكلەر»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009، بەت: 180.
- تۇرسۇن قادىر، «بالىلار تېپىشماقلىرى»، گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2015.

- شام شېرىپ مۇھەممەتئەلى ئوغلى، ‹بىر قېتىملىق ئۇنتۇلماس نۇتۇق›، «شاھىتلەر نەزەرىدىكى تارىخ»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2010، بەت: 250ـ252.
- قادىر ئارسلان ‹ھېيت كۈنى›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۆچۈن 1 ـ قىسىم، (ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار تۈزگەن) مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 156.
- كوللېكتىپ، ‹تېپىشماقلار›، «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات قامۇسى»، 11 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 394ـ355.
- «كومپيۇتېر ۋە ئانا تىلىمىز»

  https://www.uyghur-archive.com/anatil/index_246.html (2023-12-27, 23:00)

  https://www.uyghur-archive.com/anatil/index_245.html (2023-12-27, 23:30)

  https://kutuphana.uygur.com/tag/alim-ehet (2023-11-19, 22:00)/

  http://www.uighursoft.com/ug-CN/about/alimahat.html (2023-11-19, 23:00)

  https://www.ukij.org/html (2023-12-28, 21:00)
- مەتىلى تەۋپىق، ‹قۇتلۇش يولىدا›، «مەتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى»، (ئىبراھىم ئالىپ تېكىن تەييارلىغان)، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2000، بەت: 28.
- مەھمۇد كاشغەرىي، ‹ئالپ ئەرتۇڭا›، «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1981، بەت: 59، 139، 254.
- مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009.
- ئۆمەرجان مۇھەممەت، ‹كۆكلەك رەڭگىدىكى ئىلمىيلىك›، «تارىم غۇنچىلىرى»، ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1985، 1 ـ سان، بەت : 52ـ53.
- ۋاھىتجان ئوسمان قاتارلىقلار، ‹ئالما ئىچىدىكى يۇلتۇز›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۆچۈن 1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009، بەت: 91.
- ۋاھىتجان ئوسمان قاتارلىقلار، <ئەقىللىق بالا>، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۆچۈن 1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009، بەت: 2.
- ۋاھىتجان ئوسمان قاتارلىقلار، ‹رەسسام تەبىئەت›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۆچۈن 1 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009، بەت: 91.
- ئىقبال تۇرسۇن ‹كانىۋا كۆكلەك›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 3 ـ يىللىقلار ئۆچۈن 1 ـ قىسىم (ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار تۈزگەن)، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 161.
- ياسىنجان سادىق چوغلان، ‹شېئىرغا ھەۋەس›، «كۆيلەر خانىشى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، بەت: 24ـ29.

باشقا كىتابلاردىن ئېلىنغان رەسىملەرنىڭ مەنبەسى:

- 15 ـ بەتتىكى رەسىم: ئادىلجان ئابلىز، «قوشماق ئاداش»، (تۇرسۇن قادىر تەييارلىغان)، گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 1.

- 19-بەتتىكى رەسىم: ئادىلجان ئابلىز، «قوشماق ئاداش»، (تۇرسۇن قادىر تەييارلىغان)، گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 79.
- 22- بەت يۇقىرىدىكى رەسىم: ئادىلجان ئابلىز، «قوشماق ئاداش»، (تۇرسۇن قادىر تەييارلىغان)، گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 44.
- 22- بەت تۆۋەندىكى رەسىم: ئادىلجان ئابلىز، «قوشماق ئاداش»، (تۇرسۇن قادىر تەييارلىغان)، گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 74.
- 38- بەتتىكى رەسىم : ئادىلجان ئابلىز، «قوشماق ئاداش»، (تۇرسۇن قادىر تەييارلىغان)، گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 79 .
- 54-بەتتىكى رەسىم: ئادىلجان ئابلىز، «قوشماق ئاداش»، (تۇرسۇن قادىر تەييارلىغان)، گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 56.
- 55-بەتتىكى رەسىم: ئادىلجان ئابلىز، «قوشماق ئاداش»، (تۇرسۇن قادىر تەييارلىغان)، گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 14.
- 135-بەتتىكى رەسىم: ئادىلجان ئابلىز، «قوشماق ئاداش»،(تۇرسۇن قادىر تەييارلىغان)، گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 67.
- 78-بەتتىكى رەسىم: جۇمە يۈسۈپ، «ئامانىنساخان ھەققىدە ھېكايە»، (ۋېن مېڭ شىڭ ۋە ساۋۇت داۋۇت تەييارلىغان)، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2010، 2-نەشرى، بەت: 35 .
- 91-بەتتىكى رەسىم: ساۋدانوۋ زاھىر، ‹ئايال جەڭچىلەر›، «5-كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، ‹ئايال جەڭچىلەر›، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1989، رەسىملىك بەت: 4.
- 83-بەتتىكى رەسىم: كوللېكتىپ، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، 6-توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 137.




ISBN 978-1-959397-19-9
9 781959 397199





